چۆچەكلەر گۈلىستانى

# ئاڭلىغان قۇلاققا گۇناھ يوق

(ئۇيغۇر خەلق ماقاللىق چۆچەكلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلستانى

# ئاڭلىغان قۇلاققا گۇناھ يوق

(ئۇيغۇر خەلق ماقاللىق چۆچەكلىرى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابلىز بەختىيار
ھەدىيۇللا ھەبىبۇللا

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

闻者无罪：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009. 3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-786-3

I. 闻… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277. 7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024490 号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　闻者无罪
策　划　穆拉提·伊力
主　编　阿迪力·穆罕默德
编　著　阿布力孜·拜合提亚尔，艾迪吾拉·艾比布拉
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　版　新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社

地　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　编　830000
发　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　刷　新疆新华印刷厂
开　本　880×1230 毫米　1/32
印　张　3. 125
版　次　2009 年 3 月第 1 版
印　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-80744-786-3
定　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئابلىز بەختىيار، ھەدىيۇللا ھەبىبۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-786-3
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ھېكايەتلىك چۆچەكلەر تۇنۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ھەققىدە

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

ماقال ـ تەمسىل خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ بېرىدىغان ئوبرازلىق ۋە ئىخچام تىل جەۋھىرى. ئۇ بىر خىل بىلىم قىممىتىگە ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىگە ئىگە تارقىلىشچان ئەقلىيە سۆز.

ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇنى ئادەتتە كىشىلەر ئۆز نۇتقىدا دائىم قوللىنىدۇ. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى تىلى ئەمەس، بەلكى خەلق تىلىنىڭ تاۋلىنىپ چىققان مېغىزىدۇر. بىز ئۇنى تىلنىڭ جەۋھىرى ـ مېغىزى دېگەندە ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى تۆت خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز:

1. ماقال ـ تەمسىل چوڭقۇر مەزمۇنلۇق تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلدىكى چوڭقۇر مەزمۇن ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا ھاسىل قىلغان دېھقانچىلىق («يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە»)، چارۋىچىلىق («ئات يۆتەلسە ئوقۇر سال، كالا يۆتەلسە پىچاق»)، باغۋەنچىلىك («ئانارنى چۆلگە تىك، ئەنجۈرنى كۆلگە»)،

تېبابەتچىلىك («سامساق، ئۇنى يېگەنىنىڭ تېنى ساق») ھەققىدىكى بىلىملىرى، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى («ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە»)، كىشىلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرى («ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى») ۋە ئەخلاقىي كۆزقاراشلار («مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن») كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ خىل بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىنىپ، بىر خىل مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ئايلانغان.

2. ماقال ـ تەمسىل ئوبرازلىق تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئوبرازچانلىقى — ئۇنىڭ پىكرنى ئابستراكت ئۇقۇم، نەزەرىيىۋى چۈشەنچە ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى كونكرېت، ھېسسىي، جانلىق ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان. مەسىلەن، ماقال ـ تەمسىللەردە «كىم جىنايەت ئۆتكۈزسە، شۇ جاجىسىنى تارتىدۇ» دېگەن پىكىر «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر» دەپ، «ھەرقانداق ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش كېرەك» دېگەن پىكىر «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دەپ، «ساختا قىياپەتكە كىرىۋالساڭ، ھامان چاندۇرۇپ قويىسەن» دېگەن پىكىر «كۆلەلمىگەن نېمەڭگە ھىجايما» دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقىسى ئابستراكت خۇلاسە ـ يەكۈن بولسا، كېيىنكىسى ئوبرازلىق، ھېسسىي شەكىلدۇر. دېمەك، ئۇ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. ماقال ـ تەمسىل يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىخچام تىلدۇر. ماقال- تەمسىلنىڭ ئىخچاملىقلىقى ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبە ـ

ساۋاقلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئىپادە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىخچاملاش ئىقتىدارى ھەرقانداق ئەدەبىي شەكىلدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىنتايىن ئاز سۆز بىلەن ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، «ھەق ئېگىلەر سۇنماس»، «ياش تۆككۈچە، مۇشت تۈگ»، «پۇل تاپقۇچە، ئەقىل تاپ» دېگەن ماقالىلار كۆپ يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ناھايىتى قىسقا سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئادەتتىكى سۆز بىلەن شەرھلىسەك، نەچچە ئون جۈملە بولۇشى مۇمكىن. ماقال ـ تەمسىل ئەنە شۇنداق ئىخچام شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنىمۇ قىسقارتىشقا بولمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن.

4. ماقال ـ تەمسىل ئاھاڭدار تىلدۇر. ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى — ئۇنىڭ قېلىپلاشقان ۋە تۇراقلىق شېئىرىي رىتىمغا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەر كۆركى — ساقال،
سۆز كۆركى — ماقال.

ياخشى سۆز تاشنى يارار،
يامان سۆز باشنى يارار.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قاپىيە شەكىللىرى ئۆزگىچە خاس

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاياغ قاپىيە («يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن»)، باش قاپىيە («مېھنەتتىن قاچماي، مىننەتتىن قاچ»)، ئىچ قاپىيە («ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار»)، ئارىلاش قاپىيە («ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن»، «ئېگىلگەنگە ئىگىلگىن بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، كېرىلگەنگە كېرىلگىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە») شەكىللىرىدە بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىلنىڭ مۇنداق ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسان، تارقىلىشچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئوبرازلىق، ئىخچام ۋە ئاھاڭدار شەكلىدۇر.

ماقال ـ تەمسىل بىر مىللەت تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۆز ۋە جۈملىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. نۇتۇق پائالىيەتلىرىمىزدىكى ماقال ـ تەمسىللەر بەزىدە سۆز، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى ۋە بەزىدە جۈملە رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىز «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن تەمسىلنى يالغۇز ئىشلەتسەك، ئۇ بىر تولۇق ئاياغلاشقان جۈملە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى مەلۇم بىر جۈملىنىڭ ئىچىگە قويۇپ «‹جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا› ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرامدۇ» دەپ ياكى «‹جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا› دېگەندەك، ئۇ ماڭا ئەمەس، بەلكى مېنىڭ پۇلۇمغا دوست» دەپ ئىشلەتسەك، ئۇ ھالدا ئۇ جۈملە تەركىبىدە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ كېلىدۇ. ماقال ـ تەمسىل ئەنە شۇنداق سۆز ۋە سۆز

www.uyghurkitap.com

بىرىكمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن، «پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن»)، كۆچمە مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن، «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ»)، كەڭ مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن، «چىقماقنىڭ چۇشمىكى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى»)، ئەكس مەنىدىكىسى بولىدۇ (مەسىلەن، «مۇزلىساڭ مۇزدا يات») ۋە مەنىداشلىرى بولىدۇ (مەسىلەن، «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار»، «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بۆز خالتاڭنى قويۇپ بار»)، شۇنداقلا زىت مەنىدىكىلىرىمۇ بولىدۇ (مەسىلەن، «ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما» ←→ «چوڭنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ»).

ماقال - تەمسىللەر كۈچلۈك مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق مىللىي خاراكتېر ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدە ئەڭ روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «بەزى ئادەملەر مەلۇم ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويىدۇ» دېگەن بۇ پىكىرنى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەن ماقال بىلەن ئىپادىلەنسە، خەنزۇتىلىدا «和尚见钱经也卖» (راھىب پۇلنى كۆرگەندە نومنىمۇ سېتىۋېتىدۇ) دېگەن ماقال ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ئوخشاش بىر پىكىر ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى، خەنزۇلاردا بۇددا دىنى ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بەزى ماقال - تەمسىللەرنى باشقا مىللەتنىڭ تىلىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا مەنىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، بىز ئەگەر «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن بۇ تەمسىلنى خەنزۇتىلىغا «鬼魂的企图在桃子上» دەپ

تەرجىمە قىلساق، خەنزۇلار بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيدۇ. دېمەك، ماقال - تەمسىل مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئۇسۇلى، پسىخىكىسى، ياشاش شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، ئېستېتىك كۆزقاراشلىرى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى ئەڭ ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەدەبىي شەكىلدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆزنىكىدۇر.

ماقال - تەمسىل ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئىنسانلارنىڭ قىممەتلىك بىلىم ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىلىپ كېلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن «كىشى ئالەسى ئىچتىن، يىلقى ئالەسى تاشتىن»، «ئاش تاتىقى تۇز»، «كېڭەشلىك بىلىك ئارتاماس»، «ئەركەچ گۆشى ئەم بولار، ئۆچكە گۆشى يەل بولار» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد قوللىنىلىپ، ئۆز پېتى ياكى قىسمەن ئۆزگەرگەن ھالەتتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ھال ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مىللىي گېنى سۈپىتىدە مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، يەنە بىر قىسىم قەدىمكى ماقال - تەمسىللىرىمىز ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان. مەسىلەن، «قۇل ياغى، ئىت بۆرى» (قۇل دۈشمەن، ئىت بۆرە)، «ئىم بىلسە ئەر ئۆلمەس»

(پارۇل بىلگەن ئەر ئۆلمەيدۇ)، «يەر ياۋۇزى قازغان، بودۇن ياۋۇزى بارسغان» (يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان، خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان) قاتارلىق ماقال - تەمسىللەر بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق قىسمەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ماقال- تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ، بىر خىل مۇقەررەر هادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەندىزىلىك قانۇنىيىتىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستېمالدىن قالغان بۇنداق ماقال - تەمسىللىرى بىزگە يىراق ئۆتمۈشتىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇ بىزگە قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى، تۇرمۇش يولى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ئېتىقاد - چۈشەنچىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرى شەكىل قۇرۇلۇشى، تۈزۈلۈشى ۋە مەنە ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ماقال - تەمسىللەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز:

1. ماقال. ماقال — ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىممەتلىك بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بىۋاسىتە هالدا ئىخچام ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان ئەقلىيە سۆزدۇر. ماقالنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى پىكىر هايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى توغرىدىن - توغرا، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى»، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2. تەمسىل. تەمسىل — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل

هادىسە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ھايۋانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغان كۆچمە مەنىدىكى ئەقلىيە سۆزدۇر. تەمسىلنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا پىكىر ماقالىلارغا ئوخشاش بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ قىياپەت ـ خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ۋاستىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن، «قاغا بالام ئاپئاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام»، «توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۆچكە جاڭگال» دېگەنلەرگە ئوخشاش. تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىپادە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەلىيەتتە شۇ نەرسىلەردە ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان ۋە بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئىجاد قىلىغۇچىلار تەرىپىدىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ۋە شۇ نەرسىگە يۈكلەپ قويۇلغان. مەسىلەن، «تۆشۈك يىرتىقتىن كۈلەر، چۆمۈچ قازاندىن» دېگەن تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك، تۆشۈكنىڭ يىرتىقنى، چۆمۈچنىڭ قازاننى مەسخىرە قىلىشى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىشلاردۇر. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق تەمسىللەر ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، ئىجتىمائىي ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغاندۇر. يەنە بەزى تەمسىللەردە ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئالاھىدىلىكلەر بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىت يېنىدا سۆڭەك تۇرماس»، «قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىراق قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تەمسىلنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قىياپىتىنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلار

ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

3. تەمسىللىك ماقال. تەمسىللىك ماقال — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئوخشىتىلغان، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى تەمسىل ئارقىلىق ماقال ئىزاھلانغان ئەقلىيە سۆزدۇر. تەمسىللىك ماقال تەمسىل بىلەن ماقالنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەمسىلدىكىگە ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادە قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قانداق ھادىسىگە ئىشارە قىلىنىۋاتقانلىقىمۇ ئوچۇق ئېيتىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «ئالتۇن ئوتتا، ئادەم مېھنەتتە بىلىنەر»، «ئاي تۇندە كېرەك، ئەقىل كۈندە»، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ماقال، تەمسىل ۋە تەمسىللىك ماقاللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، «بىلىم — ئەقىل چىرىغى، يوقتۇر يولنىڭ يىرىقى» (ماقال)، «توخۇ داڭگال چۇشەر، ئۆچكە جاڭگال» (تەمسىل)، «ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىزنىڭ يارىشىقى خال» (تەمسىللىك ماقال). بۆلەرنىڭ بىرى ئاساسىي بۆلەك، ئىككىنچىسى قوشۇمچە بۆلەك بولۇپ، قوشۇمچە بۆلەك ئاساسىي بۆلەكنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئىشلەتكەندە ئاساسىي بۆلەكنى ئېلىپ، ياردەمچى بۆلىكىنى قالدۇرۇپ قويۇشقىمۇ ياكى ھەر ئىككى بۆلەكنى بىردەك ئېلىشقىمۇ



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. يەنە بەزى ماقال ـ تەمسىللەر پەقەت بىرلا بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇمچە بۆلىكى بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» (ماقال)، «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» (تەمسىل)، «قىشنىڭ ئاپتىپى ـــ دۈشمەننىڭ كۈلگىنى» (تەمسىللىك ماقال). ئەلۋەتتە، بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەردىكى بىرەر سۆزنىمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە گەۋدىلىك ئەدەبىي شەكىلگە ئىگە. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى يەكۈنلەپ بېرىش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ بىلىم قامۇسى ۋە دەرسلىكى بولغان. ئۇ كىشىلەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلۇغلۇق ئەمگەك قىلىش ۋە توغرا ياشاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىنقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ماقال ـ تەمسىللەردىكى بىلىم ۋە قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى يەنە ئۆزلىرى ياراتقان يېڭى ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن قوشۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارقاتقان. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى ماقال ـ تەمسىل ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

ماقال ـ تەمسىل خەلق تىلىنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، كىشىلەر ماقال ـ تەمسىلدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئويلىرىنى دەل جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ماقال ـ تەمسىل كىشىلەرنىڭ سۆھبەت ۋە نۇتۇقلىرىنى ئىخچاملىققا، ئوبرازچانلىققا، جانلىقلىققا ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان.

ماقال ـ تەمسىل ئەدەبىي جەھەتتىن گەۋدىلىك تۈسكە ئىگە بولغاچقا، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلار ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرىدىن مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلىشىر نەۋائىي، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە موللا بىلال نازىمى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللەردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلانغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىۋالالايمىز. ئەدەبىياتىمىزنىڭ پېشۋالىرىدىن نىم شېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇكېرىم خوجا، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىقلارمۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي پىكىرلىرىنى جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئېچىپ بەرگەن ھەمدە ئەسەرلىرىنى روشەن مىللىيلىككە ئىگە قىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماقال ـ تەمسىللەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس، ئۇ خەلق ھاياتىنىڭ قامۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرلىرىدىن بىرى بولغان ماقال - تەمسىللەر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخىي، ئىجتىمائىي تەجرىبىلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام يەكۈنى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتى، دۇنيا قارىشى، پەزىلەتلىرى، ئۆرپ - ئادەت ۋە مىجەز - خۇلقى، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، تىلەك - خاھىشلىرى، ئىلىم - پەن ۋە ھۈنەر - كەسىپكە بولغان قىزغىنلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلىرى، ئەمگەك ۋە ئەمگەكنى سۆيۈش، كوللېكتىپ ۋە كوللېكتىۋىزملىق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى، قىسقىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ماقال - تەمسىللەرنى بىز «خەلق بىلىمىنىڭ قامۇسى» دەيمىز.

ماقال - تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ماقال - تەمسىل ھەققىدە تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ

بارمىغاندا، ماقال بىلەن تەمسىلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق بىلەن پەرقلەرنى ئېنىق ئايرىيالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ۋە فولكلورشۇناسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىشلىرىمنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ماقال — ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىممەتلىك بىلىملىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا ئىخچام ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان، بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى يەكۇنلەپ بېرىدىغان، كىشىلەرگە ئۈلگە، ئىبرەت بولىدىغان شېئىرىي ئاھاڭدارلىق فورمىسىدىكى ئەقلىيە سۆزدۇر. مەسىلەن، «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە»، «بىرلەشكەن ئۆزار، بىرلەشمىگەن توزار»، «ئىلىملىك نۇر، ئىلىمسىز خور»، «چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار، ئالماقنىڭ بەرمىكى.»

تەمسىل — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ھادىسە ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى، تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان خۇسۇسىيەتلىرىنى ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالىتى ئۈستىگە كۆچۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىدىغان كۆچمە مەنىدىكى تەسۋىرىي سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى ساماننىڭ قىچە»، «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر»، «توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال.»

يۇقىرىقى تەبىردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماقال بىلەن تەمسىل ھەم ئورتاقلىققا ئىگە، ھەم ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. تۆۋەندە

ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

1. ماقال ۋە تەمسىللەردە ئىخچام سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

1) ھەق ئېگىلەر، سۇنماس.

2) يەر تويمىغۇچە، ئەر تويماس.

3) جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا.

4) ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر،
توشقاننى قومۇش.

2. ماقال ـ تەمسىللەردە ئوبرازچانلىق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوبرازچانلىق خۇددى باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ماقال ـ تەمسىللەرنىڭمۇ بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

مەسىلەن:

1) ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.

2) تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

3) تۈلكىنى كۆرەڭلەتكەن يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى.

4) پالتا چۈشكىچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ.

بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە تۈرلۈك ئابستراكت پىكىرلەر ئوبرازلىق سۆزلەر ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇلۇپ، مەنىنى كۆز ئالدىمىزدا جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەردە مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىدىيە بىلەن ئوبراز ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.

3. ماقال ـ تەمسىللەر قويۇق شېئىرىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، سۆزلەر باش قاپىيە، ئىچكى قاپىيە، ئاياغ قاپىيە، ئارىلاش قاپىيە قاتارلىق شەكىللەر بويىچە قاپىيىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

1) ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە.(باش قاپىيە)

2) ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار. (ئىچ قاپىيە)

3) ئەرنىڭ قوتى قورقماسلىقتا،
سۇنىڭ قوتى چوڭقۇرلۇقتا. (ئاياغ قاپىيە)

4) ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە،
كېرىلگەنگە كېرىلگىن، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە. (ئارىلاش قاپىيە)

4. ماقال - تەمسىللەر تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن 1 - بۆلىكىدە شەرت - شارائىت بېرىلسە، 2 - بۆلىكىدە نەتىجە ۋە خۇلاسە بېرىلىدۇ، يەنى، بىرىنچىسى ئىگە، ئىككىنچىسى خەۋەر ھالىتىدە تۈزۈلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن:

1) خەلق قوزغالسا، تۆمۈر مۇنارمۇ گۇم بولىدۇ.

2) ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالار.
قىزىڭ چوڭ بولسا چوكانلىقىڭنى.

3) چاشقان ئەرز يازسا، مۈشۈك تەستىقلىماپتۇ.

5. ماقال بىلەن تەمسىل گەرچە ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار باشقا ژانىرلارغا ئوخشاش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بەزىلىرى يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار ۋە شەكىللەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىسە، بەزىلىرى ئىستېمالدىن قالىدۇ. يەنە بەزىلىرى گەرچە پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالمىسىمۇ، ئەسلىدىكى مەنىلىرىدىن ئايرىلىپ، يېڭى مەنە ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغان ھالدا قىسمەن ئۆزگەرتىلىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

1) كۈرەش قىيىن، غەلىبە شېرىن.

www.uyghurkitap.com

2) كىشىنىڭ تامىقىنى يەپ تىلىڭ قىسقىرىدۇ،
كىشىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ قولۇڭ قىسقىرىدۇ.
3) كادىر بولساڭ سىلىق بول،
سۇغا چۈشكەن بېلىق بول.
6. ماقال ـ تەمسىللەردە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى جانلىق قوللىنىلىپ، كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:
1) ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى كالۋالىشىدۇ.
2) ئۈۋچى قانچە ھىيلە بىلسە،
ئېيىقمۇ شۇنچە ھىيلە بىلىدۇ.
3) پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەردەك،
پەزىلەتسىز كىشى پىتەكتەك.
7. ماقال ـ تەمسىللەر كۆپىنچە ھاللاردا ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلۈپ، مۇكەممەل بىر ئوي ـ پىكىرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:
1) يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.
2) توخۇ داڭگال چۈشەر،
ئۆچكە جاڭگال (چۈشەر).
3) تۆمۈرنى دات يەيدۇ،
يۈرەكنى ھەسرەت (يەيدۇ).
4) ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن كېلىپ،
يامانلار تېپىشەر بىر يەردە تۇرۇپ.
8. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتىنىڭ تىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى، يەنى جانلىق، ئاممىباب، گۈزەل، دەلمۇ دەللىكى، كۆچلۈك سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

1) كۆلەلمىگەن ھالىڭغا ھىجايما.

2) پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز.

3) ئېسىلنىڭ ئوقۇرى ئېگىز.

4) ئات ئايغىنى تاي باسىدۇ.

5) چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە ئېنىق بولغان ئورتاقلىقلارنى ئاجرىتىپ چىقىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن پەرقلەرگىمۇ ئىگە، تۆۋەندە بۇ پەرقلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

1. ماقاللاردا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىر ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بىلەن تولۇق بېرىلسە، تەمسىلدە ئۇنىڭ ئىشارىسى بېرىلىدۇ. يەنى ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىر ئىشارە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1) ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا. (ماقال)

2) ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك. (ماقال)

3) موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە. (تەمسىل)

4) قاراتوخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغىدۇ. (تەمسىل)

2. ماقالللاردا بىلدۈرمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىر ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل، بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، تەمسىللەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ قىياپەت خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ۋاسىتىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1) يەر ھەيدىسەڭ كۆز ھەيدە،
كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.(ماقال)

2) ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە. (ماقال)

3) چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە،
مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ. (تەمسىل)

4) قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەيدۇ. (تەمسىل)

3. ماقالللاردا بەزى تەبىئىي پەن بىلىملىرى ئىپادە قىلىنسا، تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرى ئىپادە قىلىنىدۇ. تەمسىللەردە ھايۋانات ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە بولۇشىمۇ، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەمسىلنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە قىياپىتىنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىپادە قىلمايدۇ. مەسىلەن:

1) چىشىم سۇنمىسۇن دېسەڭ تىلىڭنى تارت.

2) سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى،
ناننىڭ ئىسسىقى ياخشى.

3) قاغا بالام ئاپئاق بالام،
كىرپە بالام يۇمشاق بالام.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى مىساللاردىكى تەمسىللەردە ئىپادە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەمەلىيەتتە شۇ نەرسىدە ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان ۋە بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەردۇر. ئۇ پۈتۈنلەي ئىجاد قىلغۇچىلار تەرىپىدىن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ۋە شۇ نەرسىگە يۈكلەنگەن. «قاغا بالام ئاپئاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام» دېگەن تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك قاغىنىڭ ئۆز باللىرىنى ئاق، كىرپىنىڭ ئۆز باللىرىنى يۇمشاق دېيىشى رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان ئىشلاردۇر. ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق تەمسىللەر ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل نەرسىلەرگە قارىتىلغان بولماستىن، ئىجتىمائىي ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىلغاندۇر. شۇڭا بۇنداق تەمسىللەرنى ئۇدۇل مەنىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۈس ئالغان كۆچمە مەنىسى بويىچە چۈشەنگەندىلا، ئۇنىڭ ئەقلىيە تۈسى ئاشكارا بولىدۇ.

4. ماقاللار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزئارا زىت مەنىدىمۇ كېلىدۇ. بۇنداق ماقاللاردا ئىپادە قىلىنىۋاتقان مەزمۇن بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولىدۇ. بىراق تەمسىللەردە ئۇنداق بولمايدۇ. مەسىلەن:

1) ئاتمىشقا كىرگەن ئاتىدىن ئەقىل سورىما.

2) ئەر كىشىگە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز.

2) سۆيمىگەنگە سۈركەلمە.

3) قىزنىڭ سۆيگىنىگە ئىشەنمە، كۆيگىنىگە ئىشەن.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ھەم ئورتاقلىقتا ۋە پەرققە ئىگە بولغان مۇھىم بىر ئەدەبىي ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئۇيغۇر

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى، هاياتلىق پەلسەپە قاراشلىرى، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرى... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلار مۇجەسسەملەنگەن. ئەسىرلەر بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاتوم دەۋرىگە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان تەرەققىيات دەۋرىمىزگە كەلگەندىمۇ كۆپلىگەن ئەدىب، سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلىتىپ ئۆز ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا مەيدانغا چىقىرىش بىلەن بىرگە، ئەنە شۇ يول ئارقىلىق ماقال - تەمسىللىرىمىزنىڭ مەڭگۇ يوقالماسلىقى ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشتى.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ماقاللىق چۆچەكلەردىن بىر قانچىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ خەلقىمىزنىڭ تەمسىللەر بىلەن ماقاللارنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىدا مۇئەييەن ئەهمىيەتكە ئىگە.

## ئەر قانتى — ئات

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى قەدىمىي ماكان تۇرپاندا بىر كىشى بولغانىكەن. بۇ ئادەمنىڭ خانتەڭرى ئاتلىق ئوغلى بولۇپ، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بىر كۈنى بۇ كىشى ئوغلىغا:

— ئاپاڭ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولدى، سەنمۇ ئون ئۈچ ياشقا كىرىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالدىڭ. مەن

ئەمدى ئۆيلىنىش قارارىغا كەلدىم. توي قىلىشتىن ئىلگىرى قانداق تىلىكىڭ بولسا، ماڭا ئېيتساڭ شەرتسىز ئىجرا قىلىپ، سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن، ــــ دەپتۇ. خانتەڭرى:

ــــ ئۇنداق بولسا ماڭا بىر تاي ئېلىپ بېرىڭ، ــــ دەپتۇ. ئاتىسى خانتەڭرىنىڭ تەلىپى بىلەن مال بازىرىغا بېرىپ، ئات تاللاشقا كىرىشىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن مال بازىرىنى ئۈچ كۈن ئايلانغان بولسىمۇ، ھەر نوچى ئاتلار خانتەڭرىنىڭ پىسەنتىگىمۇ ياقماپتۇ، ئاتىسى ئۇنىڭغا ئاق، قارا، توروق، قۇلان، ئالا، بۇرغۇل، كۆل رەڭ، جىرەن قاشقا ئاتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ يانپېشى، بوينى، بېشى، پۇتى، تۇيىقى، كۆزى، بۇرنى، يالى ۋە قۇيرۇقلىرىنىڭ كۆركەملىكى، سىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بوينىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى، سېمىز ـ ئورۇقلۇقى، قەدەم ئارىلىقى، يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، تەقى ـ تۇرقى ھەققىدە بىر تالاي سۆزلىگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئات خانتەڭرىگە ياقماپتۇ. ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندا، خانتەڭرى ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىشى يېتىلەپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە تاينى كۆرسىتىپ:

ــــ ئاتا، ماڭا مۇشۇ تاينى ئېلىپ بېرىڭ، ــــ دەپتۇ. ئاتىسى تاينى نەزەر غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈپ:

ــــ بۇ تاينىڭ دۈمبىسىنى قوتۇر بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ مال بولۇشىدىن بولماسلىقى تولاراق. مەيلى سەنلا خالايدىغان بولساڭ ئېلىپ بېرەي، ــــ دەپتۇ، شۇنداق قىلىپ خانتەڭرىنىڭ ئاتىسى ئازراقلا پۇلغا ئالتۇن ئېگەر، كۈمۈشتىن ياسالغان كەمەلدۇرۇك ۋە قۇشقۇنلارنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. خانتەڭرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئاتىسىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەتىسى ئاتىسى ئوغلىغا:

ـــ ئوغلۇم بۇ تاي ئاخشام بەرگەن ھەلەپنى بىر چىشلەمۇ يېمەپتۇ. بۈگۈن تاڭ سەھەردە قوناق بەرسەم ئۇنىمۇ يېمەپتۇ، ئېگىسىگە ۋاقتىدا قايتۇرۇۋەتمىسەك، بۇ بىچارە جانىۋار ئۆلۈپ قالىدىغان چېغى، ـــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاينى ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى دەپتۇ. ئۇ كىشى:

ـــ بۇ تاي ئىنتايىن ياخشى ئات نەسلىدىن. ئۇ ھەلەپ يېمەيدۇ. بەلكى كىشمىش ئۈزۈمنى يەيدۇ. ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈپ بېقىڭلار، ـــ دەپ بىر چاڭگال قۇرۇق ئۈزۈمنى تايغا بەرگەنىكەن، تاي پاك ـ پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن قايتا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن تاينى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ، ئايرىم ئېغىل سېلىپ، ئالاھىدە ئوقۇر ياساپ بېقىشقا كىرىشىپتۇ. پات ئارىدىلا تاي ھالىنىپ، دۈمبىسىدىكى قوتۇرلىرى ساقىيىپتۇ. ئاتىسىمۇ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، بىر ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ.

خانتەڭرى ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپلا ئېغىلغا كىرىپ، تاينىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى تاتىلىغۇچ بىلەن تاتىلاپ، ئادالىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورايدىكەن، پېشانىسىگە سۆيىدىكەن، سۇغىرىدىكەن، ئېغىلنى تازىلايدىكەن. ئاندىن يەم بېرىدىكەن. چېيىنى ئىچىپ، مەكتەپكە بارغۇچە بوخچىسىنى قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ئېغىلغا كىرىپ، تايغا ئۆزىنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلىشىدىكەن. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەڭ ئالدى بىلەن ئېغىلغا كىرىپ تاي بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن بوخچىسىدىكى ئۈزۈمنى تايغا تۆكۈپ بېرىپ، ئاندىن ئۆيگە كىرىدىكەن. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن

تـاينى يېتىلـەپ، مەھەللـە ئەتراپـىنى ئـايلاندۇرۇپ ئويناپدىكـەن. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇشىنى، ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ھاياسىزلىقىنى، ئاتىسى تارتىۋاتقان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى قىلچە يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىدىكەن.

كۆنلەر شۇ تەرىقىدە بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋېرىپتۇ. خانتەڭرىمۇ چوڭ بوپتۇ. تايمۇ ئۆسۈپتۇ، تۆكلىرى ئالتۇندەك پارقىراپتۇ. ئەمدى ئۇنى تاي دەپ ئاتاش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماي قاپتۇ. شۇڭا، خانتەڭرى ئاتىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «تۇلپار» دېگەن ئاتنى قويۇپتۇ. تۇلپارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئىنتايىن قاۋۇل ئىكەن، بېشى تىك، بويى كېلىشكەن، سېنى ئۇزۇن، ساغرىسى تولۇق، ياللىرى بىلەن قۇيرۇقلىرى كۆركەم، پۇت ـ قوللىرى مەزمۇت، تۇياقلىرى چىڭ، بوينى ئېگىز، كۆزلىرى نۇرلۇق، ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغۇدەك كاتتا بولۇپلا قالماي، ئەقىللىق ئىكەن، سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇچالايدىكەن. مۇنداق ياخشى ئاتقا ئېرىشكەنلىكتىن خانتەڭرىلا ئەمەس، ئاتىسىمۇ ئىنتايىن رازى ئىكەن، ئۇ ئوغلىنى «مال تاللاشقا مەندىنمۇ پەملىك ئىكەنسەن» دەپ ماختايدىكەن.

كۆنلەردىن بىر كۆنى خانتەڭرى چۈشلۈكى مەكتەپتىن قايتىپ ئېغىلغا كىرسە، تۇلپار غەمكىن بولۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغۇدەك، خانتەڭرى:

ــــ سۆيۈملۈك تۇلپىرىم، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق غەمكىن بولۇپ قالدىڭ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ. تۇلپار:

ــــ سېنىڭ تەقدىرىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ــــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خانتەڭرى:

— مېنىڭ تەقدىرىمدىن ئەنسىرىگۈدەك قانداق ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەمدى ئېيتمىسام بولمىغۇدەك، — دەپتۇ تۇلپار، — سېنىڭ ئۆگەي ئاپاڭ ئەسكى ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ئاشنىسى بار. ئاتاڭ ئىشقا، سەن مەكتەپكە كېتىشىڭ بىلەنلا ئۇ بۇ يەرگە كېلىدۇ. سەن ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدىڭ. شۇڭا، ئۇلار سېنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، سەن يەيدىغان تاماققا زەھەر سالدى. سەن كىرىپ تاماقنى يەيدىغانلا بولساڭ، مەن سەندىن ئايرىلىپلا قالىمەن، — دەپ غەمكىنلىك سەۋەبىنى ئىزھار قىپتۇ. خانتەڭرى:
— رەھمەت ساڭا، تۇلپىرىم، خاتىرجەم بولغىن، مەن ئۇ تاماقنى يېمەيمەن، — دەپتۇ ـ دە، خانتەڭرى بوخچىسىدىكى ئۈزۈمنى تۇلپارنىڭ ئوقۇرىغا تۆكۈپ خوشلىشىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. تۇلپار ئېيتقاندەكلا ئۆگەي ئاپىسى زەھەر سېلىنغان غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. خانتەڭرى:
— موللام بۈگۈن مېنى تاماق يېمەي چاي ئىچكىن، دېگەنىدى. ياخشىسى چاي ئىچەي، — دەپ چايغا نان چىلاپ ئىچىپتۇ. ئاپىسى ئالدىغا قويۇپ قويغان تاماقتىن بىر قوشۇقنى مۈشۈككە بەرگەنىكەن. مۈشۈك دەرھال ئۆلۈپتۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قاپتۇ. ئۆز جىنايىتىنى ئېرىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن زەھەر سېلىنغان تاماقنى تۆكۈۋېتىپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. خانتەڭرى مەكتەپتىن قايتىپ ئېغىلغا كىرسە، تۇلپار يەنە غەمكىن تۇرۇپتۇ. سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئۆگەي ئاپىسى بىلەن ئۇنىڭ ئاشنىسى بوسۇغا يېنىغا لەخمە كولىغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com

ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا ئېھتىيات قىلمىسا لەخمىگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خانتەڭرى يىراقتىنلا يۈگۈرۈپ، ئۆيگە سەكرەپ كىرىپ لەخمىگە چۈشمەپتۇ. ئۆگەي ئاپىسى سەۋەبىنى سورىغانىكەن، «موللام بىزگە يىراقتا سەكرەشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ. مەن مەشىق قىلىۋاتىمەن» دەپتۇ. خانتەڭرى مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرى تۇلپارنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. تۇلپار: «خوش دوستۇم» دەپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپتۇ، سەۋەبىنى سورىغانىكەن، تۇلپار:

— ئەمدى ئۆلۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ ھىيلىگەر سېنى ھەرقانچە قىلىپ ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭدىن كۆردى. شۇڭا مېنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاپاڭ توققۇز يېيىم ئاشنى بەدىنىگە يۆگەپ «قاراس - قۇرۇس كېسىلى» گە گىرىپتار بولۇۋالماقچى، ئۇنىڭ ئاشنىسى تېۋىپ بولماقچى. ئاتاڭنى ئاشۇ يالغان تېۋىپنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئاپاڭنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ: «ئايالىڭىزغا تورۇق تۇلپارنىڭ يۈرىكى داۋا بولمىسا ساقىيالمايدۇ» دەپ مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلماقچى بولدى، — دەپتۇ، خانتەڭرى:

— تۇلپىرىم، خاتىرجەم بولغىن، ئاتام ئۇنداق ئاسان ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ، مەندىن رازىلىق ئالماي سېنى ئۆلتۈرمەيدۇ، — دەپتۇ. خانتەڭرى مەكتەپتىن قايتىپ كەلسە ئاپىسى راستىنلا كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئاشنىسى تۇلپارنىڭ يۈرىكىنى ئۇنىڭغا دورا قىلىپ بۇيرۇپتۇ. ئاتىسى بۇ يالغان كېسەلگە داۋا ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. تېۋىپ ئېيتقاندەك تۇلپارنى ئۈچ كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماپتۇ. تېۋىپ ئاخىر مەسلىھەت بېرىپ: «ئېغىلدىكى تۇلپارنى ئۆلتۈرسەكمۇ بولىدۇ» دەپتۇ. ئاتىسى

نائىلاج بۇ ئىشنى خانتەڭرىگە ئېيتىپتۇ. خانتەڭرى تۇلپار بىلەن مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن ئاتىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئەگەر ئاپامنىڭ كېسىلى راستتىن تۇلپارنىڭ يۈرىكىنى يېمىسە ساقايمايدىغان بولسا، تۇلپارنى ئۆلتۈرسەكمۇ ئۆلتۈرەيلى. بىراق مەن ئۇنى شۇنچە يىل باقتىم، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈش ماڭا ئېيتقۇسىز روھىي ئازاب، شۇڭا ئۇنى ئەتە مەن مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن ئۆلتۈرسەڭلار قانداق؟ ـــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئاتىسىمۇ بۇ مەسلىھەتكە كۆنۈپتۇ.

ئەتىسى خانتەڭرى مەكتەپكە مېڭىشتىن ئاۋۋال تۇلپار بىلەن يەنە مەسلىھەتلىشىپتۇ. تۇلپار:

ـــ ئۇنداق بولسا، مېنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىققۇچە بىر قېتىم كىشنەيمەن، بۇ چاغدا ئاتاڭ چۇلۇۋۇرۇمنى يېشىپ مېنى يېتىلەپ ماڭىدۇ. ئىككىنچى قېتىم كورەگە چىققاندا كىشنەيمەن. بۇ چاغدا ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدىغان جايغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم كىشنەيمەن، پۇت ـ قولۇم باغلىنىپ ياتقۇزۇلىمەن، ئاتاڭ قولىغا پىچاقنى ئالىدۇ. ئەگەر شۇ ۋاقىتقىچە كېلەلمىسەڭ، بىز بىر ـ بىرىمىزدىن مەڭگۈلۈك جۇدا بولىمىز، ـــ دەپتۇ. خانتەڭرى:

ـــ تۇلپىرىم، سەن خاتىرجەم بولغىن، مەن دەل ۋاقتىدا كېلىمەن، ئۇ چاغدا بىز ئۆيدىن ئايرىلساق، ئاتام مەندىن خاپا بولمايدۇ. كېتىش زۆرۈرىيىتىنى مەندىن ئەمەس، ئۆگەي ئاپامدىن، ئۆزىدىن كۆرىدۇ، ـــ دەپتۇ ـ دە، ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ مەكتەپكە كېتىپتۇ. خانتەڭرى دەرسخانىدا ئولتۇرسىمۇ قۇلىقى سەگەكلىك بىلەن تۇلپارنىڭ كىشنىگەن ـ كىشنىمىگەنلىكىنى ئاڭلاش كويىدا بولغاچقا، دەرس ئەس ـ يادىغا كىرمەپتۇ. موللىسى بىر مەسىلىنى

چۈشــەندۈرۈۋاتقاندا، تۈلپــار قــاتتىق ئېچىنىشــلىق كىشنەپتۇ. خانتەڭرى دەرھال موللىسىدىن سوراپ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە تۈلپار يەنە كىشنەپتۇ. خانتەڭرى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي جان ـ جەھلى بىلەن يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۈلپار ئۆلۈم نىداسى بىلەن ئاھۇ پەرياد چېكىپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاچچىق ۋە ئېچىنىشلىق كىشنەپتۇ. خانتەڭرى قولىغا ئۆتكۈر پىچاقنى ئېلىپ، تۈلپارغا سىلىشقا تەييار تۇرغان ئاتىسىغا: «ئاتا! توختاڭ» دەپ نىدا قىپتۇ. شۇ ھامان ئاتىسىنىڭ قولى تىترەپ، قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن بۇ تۈلپارنى باققىلى بەش يىل بولدى. بىر قېتىم ئۈستىگە مىنمىدىم. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، ماڭا ئاتاپ ئالغان كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى كىيىپ، تۈلپارنىڭ ئېگەر ـ توقۇملىرىنى توقۇپ، مۇشۇ كورەننىڭ ئىچىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ مىنىۋالسام، — دەپتۇ. ئاتىسى خانتەڭرىنىڭ ھالىغا قاراپ رۇخسەت قىپتۇ. تۈلپارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى بوشىتىپتۇ. تۈلپار شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. خانتەڭرى ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ.

ئاتىسى ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن ئېگەر، كۈمۈش كەمەلدۇرۇك ۋە قۇشقۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ تۈلپارنى توقۇپتۇ. خانتەڭرىمۇ ئۈستىۋاشلىرىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاشلاپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. خەنجىرىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقىپ، مىسران قىلىچىنى يېنىغا ئېسىپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ قاۋۇل، بېجىرىم، كېلىشكەن تەقى ـ تۇرقى، قەددى ـ قامىتىگە زوقلانسا،



www.uyghurkitap.com

خانتەڭرى ئالتۇن يۇگەن سېلىنىپ، ئالتۇن ئېگەر توقۇلۇپ، تېخىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ كەتكەن تۇلپارغا قاراپ بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ. ئاتىسىنىڭ قولىدىن تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ. شۇ ھامان تۇلپار قانات چىقىرىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار ئاتىسىغا ئالدىنئالا ئېيتقاندەك كۆرەسىنىڭ ئۈستىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ ئۇچقاندىن كېيىن، خانتەڭرى:

—— خەير - خوش! قەدرلىك ئاتا! —— دەپ ۋىدالىشىپتۇ.

تۇلپار تىنىق كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچۇپتۇ، ھەيۋەت قارلىق ئېگىز چوققىلاردىن ئۆتۈپ، تارام - تارام شەربەت سۇلىرى يايراپ ئېقىۋاتقان، مەخمەلدەك ياپيېشىل قۇۋۋەتلىك ئوت - چۆپلىرى لەرزان، ئىللىق شامالدا يەلپۈنۈۋاتقان، ناۋاكەش بۇلبۇللىرى توختىماي سايراۋاتقان، ئۇيۇر - ئۇيۇر يىلقىلار، پادا - پادا كالىلار، قوتان - قوتان قويلار كىشنىشىپ، مۆرىشىپ ھەم سەكرىشىپ، ئوينىشىپ يايراۋاتقان بىر گۈزەل يايلاققا كېلىپ چۈشۈپتۇ.

خانتەڭرى بۇ يايلاقتا شەھەر شاھىنىڭ قويىنى باقىدىغان پادىچى يىگىت بىلەن تونۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن دوست بوپتۇ. ئارام ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن كوچىلارنى ئايلانغان بولسىمۇ، شاد - خۇرام يۈرگەن بىرمۇ كىشىنى ئۇچراتماپتۇ. بۇ غەلىتە ئەھۋال خانتەڭرىنى ئەجەبلەندۈرۈپتۇ. ئۇ مېھرى ئىسسىق، سالاپەتلىك بىر كىشىنىڭ يېنىغا كەلگەندە تۇلپاردىن چۈشۈپ سالام قىپتۇ ۋە كۆڭلىدىكى غەشلىكنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

—— ئوغلۇم، بۇ يەردە بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋەھشىي، ياۋۇز

يەتتە باشلىق ئەجدىھا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بۇ يۇرت خەلقىگە سالمىغان زۇلمى قالمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا تەڭ بولالمىغاندىن كېيىن توختام تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. توختام بويىچە ئۇ ھەر يىلى بۇ يەرگە بىر قېتىم كېلىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ئىككى يۈز تۇياق قويىنى، يۈز تۇياق كالىسىنى، ئاتمىش تۆت تۇياق يىلقىسىنى يېيىشتىن تاشقىرى بىر قىزنى يەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنى شەھەر شاھى شەھەر سىرتىدىكى داۋاننىڭ يېنىغا ئاپارغۇزىدۇ. يالماۋۇز شۇ يەرگە كېلىدۇ. يەيدىغان، ئالىدىغانلىرىنى شۇ يەردىن ئېلىپ قايتىدۇ. ئەجدىھاغا يەم بولىدىغان قىزلارنى تاللاشتا ئالدىنئالا چەك تارتتۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىمقى چەك شاھنىڭ كەنجى قىزىغا چىقىپتۇ. بۇ قىز ئەقىللىق، چىرايلىق بولۇپ، ئىككى ئاچىسىدىن دانالىقى، ئايدەك گۈزەل رۇخسارى بىلەن پەرق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ شەھەردىكى نى - نى يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بەختىگە قارشى بۇ قېتىمقى ئەجەل سىرتمىقى ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ دىلىدىن خۇشلۇق كۆتۈرۈلدى. ھەممە يەرنى ماتەم، يىغا - زار قاپلىدى. كۆڭۈللەر سولدى، چىرايلار تۇرۇلدى، ياش تۆككۈچە مۇشت تۈگىدىغان بىرەر پالۋان چىقمىدى، — دەپتۇ.

خانتەڭرى ئۇ كىشىدىن ئەجدىھانىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى سورىۋالغاندىن كېيىن يايلاققا بېرىپ ئوبدان ئويلىنىپتۇ. نەتىجىدە ئەجدىھانى يوقىتىپ، خەلقنى بالا - قازا ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە تولپار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پۈتۈشۈپتۇ.

ئەجدىھا كېلىدىغان كۈنى خانتەڭرى ھېلىقى كىشى ئېيتقان داۋاننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قارىسا، ھۆسنىدىن ئاي، نۇرىدىن قۇياش خىرە بولىدىغان بىر گۈزەل قىز ئۆلۈمنى كۈتۈپ، كۆزلىرىدىن يىپى

ئۈزۈلگەن مونچاقتەك ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ ئولتۇرۇپتۇ. خانتەڭرى ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە:

— ئەي گۈزەل قىز، بۇ يەردە نېمىشقا ئۆزىڭىز يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرىسىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپتۇ.

قىز يىگىتنىڭ زەبەردەس قەددى - قامىتىگە، نۇرانە جامالىغا بىر پەس تىڭىرقاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئىسمىم ئايپەرى، شەھەر شاھىنىڭ كەنجى قىزىمەن. ئەجدىھاغا يەم بولۇش ئۈچۈن ئۆلۈمۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەي مەردانە يىگىت بۇ يەردىن كېتىڭ، — دەپتۇ.

— مەرد يىگىت ئۆزىنىڭ ئايپەرىسىنى مەردلىكى بىلەن قوغدىشى كېرەك، — دەپتۇ خانتەڭرى، — بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ مەردانە يىگىت دېگىلى بولسۇن! خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، سىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن، — دەپ قىزنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق، ئۇزۇن، قوڭۇر چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپتۇ. ئايپەرىنىڭ ئىللىق جامالىدا ناز - كەرەشمىلىك تەبەسسۇم جىلۋە قىپتۇ. ئايپەرى:

— بۇ ئەجدىھانى يەتتە باشلىق، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ مەلئۇن كەلگۈچە يېنىمدا يېتىپ، ئارامىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ. خانتەڭرى قىزنىڭ يوتىسىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپتۇ. ئەگەر ئۇخلاپ قالغۇدەك بولسا، تۇلپار كىشنىگەندە ئويغىتىپ قويۇشنى جېكىلەپتۇ. ئايپەرى خانتەڭرىنىڭ نۇرلۇق جامالىغا زوق - شوق بىلەن تىكىلىپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىسمى نەقىشلەنگەن ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكىنى قولىدىن چىقىرىپ،

يىگىتنىڭ ئۇنىڭ قولىنىڭ سىنچىلىقىغا ساپتۇ. ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا رىشتىنى يىپ، مېۋىنى گۈل، بوستان كىرپىكلىرىنى يىڭنە قىلىپ تىككەن، كۆڭلىدەك ئاپئاق شايى ياغلىقنى يىگىتنىڭ بىلىكىگە چىگىپتۇ. كۆك تەگرىسىدىن يىگىتكە كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئۆزىگە نىجاتلىق ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ.

بىر چاغلاردىن كېيىن ھاۋا تۇتۇلۇپتۇ. ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپتۇ. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپتۇ. ئەتراپنى قارا تۇمان قاپلاپتۇ. دەھشەتلىك بوران چىقىپ، توپىلارنى ئۇچۇرۇپتۇ. تۇلپار كىشنەپتۇ. شۇ ھامان خانتەڭرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاپادار تۇلپىرىنى مىنىپ، مىسران قىلىچىنى چىقىرىپ، جەڭگە ھازىر بوپتۇ. يالماۋۇز ئەجدىھا گويا تاغ كۆچكەندەك ھەيۋەت بىلەن ئۈزۈن، سۇرلۇك بەستىنى توسۇن دەريادەك ئوينىتىپ، سەت ئاچماق يەتتە بېشىنى مۇنارلاردەك ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېچىرقاپ كەتكەن تويماس، سېسىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، زەھەرلىك، ئىپلاس تىلىنى چىقىرىپ، چاچراپ چىققۇدەك سەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئادەتلەنگەن غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن كۆرەڭلەپ، تېز ئېقىندەك سويلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ.

خانتەڭرى مەردلىكىدىن:

ــــ ئاڭلىمىدىم دېمە، مەن بۇگۈن سېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خەلققە سالغان زۇلمىڭدىن ئىنتىقام ئالغىلى، تېرەڭدىن تاسما تىلغىلى كەلدىم، ھۈنىرىڭ بولسا كۆرسەت... ــــ دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلاپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن ئەجدىھا:

ــــ ماڭا قارشى تۇرغۇدەك سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمە؟ ئەپتىڭگە قارىسام، بىر بېشىمنىڭ ئاچمىقىنىڭ ھۆررىكىگە تەڭ تۇرمايدىغان

كىچىككىنە نەرسە ئىكەنسەن. غوۋغا قىلماي يولنى بوشات، ــــ دەپ ھۆركىرەپتۇ.

خانتەڭرى يالماۋۇزنىڭ گەپلىرىگە پىسەنتمۇ قىلماپتۇ. ئەجدىھانىڭ ئوتى تېشىپ، بىر بېشىدىن ئوت چاچراتقانىكەن، تۇلپار ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئوتى كارغا يارىماپتۇ. بىر بېشى بوران چىقارغانىكەن، تەسىر قىلماپتۇ. بىر بېشى دەم تارتقانىكەن، دېمى يەتمەپتۇ. بىر بېشى زەھەر چاچقانىكەن، ئۆز ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بىر بېشى سۇ چاچقانىكەن، كارغا كەلمەپتۇ. ئىككى ياندىن سۆلەت باشلىرى ئەلەمدىن قىلدەك تولغىنىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا خانتەڭرى: «ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىن» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىددەت بىلەن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئەجدىھا ئۆزۈن، سۇرلۇك گەۋدىسىنى سۆرەپ، تولغىنىپ بولغۇچە، ئۇ تۇلپارى بىلەن كەينى تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئوڭ ياندىكى بىر بېشىغا قىلىچ ئۇرغانىكەن، ئۇنىڭ سېسىق بېشى پالاق تۇخۇمدەك مىجىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئەجدىھا ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، ئۇ يەنە بىر زەربە بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. كېلەڭسىز ئەجدىھا ئۆزىنى يەنە ئوڭشاپ بولغۇچە، خانتەڭرى تىنىم تاپماستىن زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن پايدىلىنىپ پەقەت بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا ئۇنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىپ، تېرىسىدىن تاسما تىلىپتۇ. ئايپەرى خۇشاللىقىدىن ئۇنچىدەك ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

ــــ ئەي مەردانە يىگىت، مېنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيادا كۆيۈمچان ۋاپادارىڭىز بولسام دەيمەن، ــــ دەپ تىز پۈكۈپ ئىلتىجا قىپتۇ. خانتەڭرى:

— ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ. ئەگەر سىز ماڭا راستتىن ئاشىق بولسىڭىز، ئىغىر كۈنلەردە تونۇشۇۋالىمىز. خەير - خوش، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

خانتەڭرى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن يايلاققا كېلىپ، پادىچى بىلەن كېلىشىپ، شاھنىڭ قويىنى باقىدىغان پادىچى بوپتۇ. پادىچىنىڭ ئەسكى كىيىملىرىنى كىيىپ، تۇلپارنىڭ ئاغزىدىن ئالتۇن يۈگەننى چىقىرىۋېتىپ، كىيىملىرىنى ئېگەرگە غانجۇغىلاپ قويۇپ، تۇلپارنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىپتۇ.

ئايپەرى ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال بولسىمۇ، يىگىتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ ئولتۇرغان پەيتتە ئاتىسى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن داۋان تۇۋىگە كەپتۇ. پادىشاھ مال - ۋارانلارنىڭ ساق - سالامەتلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ، بىر كارامەتلىك ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە، داۋان ئۈستىگە چىقسا، قىزى ساق - سالامەت تۇرغۇدەك، ئايپەرى ئاتىسى بىلەن دىدارلاشقاندىن كېيىن دەسلەپتە كۈلۈپتۇ، كېيىن يىغلاپتۇ. ئاتىسى يىغا بىلەن كۈلكىنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ. ئايپەرى: «كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبى، ئەل يۇرتنىڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىمدىن، يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى، ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن مەردانە يىگىتنىڭ مېنى ئەمرىگە ئالماي تاشلاپ كەتكەنلىكىدىن» دەپتۇ. پادىشاھ قىزىغا تەسەللى بېرىپ: «ئۇ يىگىت سېنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئۇ مۇشۇ ماكاندا بولىدىغانلا بولسا تاپماي قويمايمىز» دەپ، قىزنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. يۇرتنىڭ ئامان تاپقانلىقى، قىزنىڭ ئۆلۈمدىن

www.uyghurkitap.com

قوٗتۇلغانلىقىغا خۇشاللىنىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا ئۆتكۈزۈپتۇ. توي تۈگىگەن ھامان تەييار تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن يىگىت قىلىپ كۆرسىتىپ، ئايپەرىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشمەكچى بوپتۇ. ئايپەرى ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ مات قىلىپ يولغا ساپتۇ.

ئاتىسى ئايپەرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن قىرىق بىر پەلەمپەيلىك راۋاق ياسىتىپتۇ. ئۈچ قىزنى راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، قايسى يىگىت ئېتى بىلەن راۋاق ئۈستىگە چىقىۋالسا، شۇ يىگىتكە ئۆزى خالىغان بىر قىزنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ جار سالدۇرۇپتۇ.

تەرەپ ـ تەرەپتىن نۇرغۇن يىگىتلەر كېلىپ، مۇنار ئۈستىگە ئات چاپتۇرغان بولسىمۇ يىگىرمە پەلەمپەيدىن ئاشالماپتۇ. بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرى تۇرماق، ئۆزلىرىمۇ يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. بۇ خەۋەر خانتەڭرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ بۇ قېتىم چىن دىلىدىن ئايپەرىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتى بىلەن مۇنار ئالدىغا كەپتۇ. كىشىلەر يەنە بىر يىگىتنىڭ تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. بەزى قېرى كىشىلەر يىگىتنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ قايغۇرۇپتۇ. بەزىلەر: «ئەخمەق دېگەننى تېرىمىسىمۇ ئۈنىدۇ» دەپ مازاق قىپتۇ. بەزىلەر: «جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس» دەپ زوقلىنىپتۇ. ئىشقىلىپ ھەركىم ھەر نېمە دەپتۇ. خانتەڭرى نىيىتىدىن يانماي بىرىنچى كۈنى ئوتتۇز توققۇزىنچى پەلەمپەيگە چىققاندا، تۇلپارنى تارتىپ توختىتىپ قايتىپ چۈشۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇتۇقىنى ئالقىشلاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى خانتەڭرى قىرىقىنچى پەلەمپەيگە چىققاندا، تۇلپارنى توختىتىپ، يەنە قايتىپ چۈشۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يەنە كەپتۇ. بۇ

قىيتىم قىرىق بىرىنچى پەلەمپەيگە چىقىپ، مۇنار ئۈستىنى ئايلىنىپ قايتىپ چۈشۈپتۇ. ئاپپەرى يىگىتنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى، ئۆزى بىلىكىگە چىگىپ قويغان ياغلىقنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئوردا خادىملىرى: «قىزلاردىن بىرىنى تاللاپ، ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ» دېگەن بولسىمۇ، خانتەڭرى زۇۋان سۈرمەي كېتىپ قاپتۇ. ئاپپەرى بۇ ئىشتىن كېيىن ئۆزى سۆيگەن يارىنىڭ مۇشۇ ماكاندا بارلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، سۆيۈنۈپ يايراپ كېتىپتۇ. يىگىتكە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. مۆلدۈر بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئەلەملىك پىغان بىلەن ئاھ ئۇرۇپتۇ.

ئاپئاق تونلۇق قىش پەسلى ئۆتۈپ، ناز - كەرەشمىلىك باھار پەسلى يېتىپ كەپتۇ. خانتەڭرى بوز يەر ئېچىپ كۆچەت تىكىپتۇ. كۆچەتلەر ئارىلىقىدىكى چۈنەكلەرگە قوغۇن تېرىپتۇ. ۋاقتى - سائىتى يېتىپ قوغۇنلار پىشىپتۇ. بىر كۈنى شاھ ئوردىسىغا كىرىپ، شاھنى ئۆزى تىككەن كۆچەتلەرنى كۆرگەچ قوغۇن يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئورنىدا قىزلىرىنى ئويناپ كېلىشكە ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھنىڭ قىزلىرى قوغۇنلۇققا كېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھېچكىم كەلمەپتۇ. بۇ ئىش ئاپپەرىگە قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ ئىككى ئاچىسى كېنىزەك قىزلار بىلەن ئۆپچۆرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى يالغۇز ئالچۇققا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا خانتەڭرى چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئاپپەرىنىڭ شەھلا كۆزلىرى يىگىتنىڭ سىنچىلاق قولىدىكى ئۆزى بەرگەن ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈككە چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بىلىكىدە ئۆزى چىگىپ قويغان ياغلىقنىڭ

تېخىچىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. قىزلار كەتكۈچە شاھ ئاتىسىغا ئاتاپ ھەربىرى بىردىن قوغۇننى تاللاپ ئۈزۈپتۇ ۋە ئۇنى ئاتىسىغا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ چوڭ قىزى ئەكەلگەن قوغۇننى تىلغانىكەن، سىپسىق چىقىپتۇ. ئوتتۇرانچى قىزى ئەكەلگەن قوغۇننىڭ يېرىمى ساق، يېرىمى سىپسىق چىقىپتۇ. ئايپەرى ئېلىپ كەلگەن قوغۇن تامامەن ساق بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ تەمى ئاغزىدىن كەتمەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئەرگە بېرىش قارارىغا كەپتۇ. چۈنكى پادىشاھ چوڭ قىزىنىڭ تاللىغان قوغۇنىدىن قىزنى ئەرگە بېرىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئوتتۇرانچى قىزىنىڭ ۋاقتى توشۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پەقەت كەنجى قىزىنىڭلا دەل ۋاقتى بولغانلىقىنى ھېس قىلغانىكەن. شۇڭا، ئۈچ قىزنى شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىرىپ قوللىرىغا ئالما تۇتقۇزۇپتۇ، يىگىتلەر قىزلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. شاھنىڭ تۇنجى قىزى بىر سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قولىدىكى ئالمىنى بىر يىگىتكە تاشلاپتۇ ۋە ئۆزىمۇ يىگىت بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ.

ئوتتۇرانچى قىزى ئىككىنچى كۈنى بىر يىگىتكە ئالمىنى تاشلاپتۇ. ئۇمۇ راۋاقتىن چۈشۈپ ئوردىغا قايتىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. نى ـ نى يىگىتلەر قىزنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە، «بۇ قىز ئالمىنى ماڭا تاشلايدۇ» دەپ كۆرەڭلەيدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئالمىغا ئېرىشەلمەي، ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدىكەن. يىگىتلەر ئۆتۈپ بوپتۇ. لېكىن ئايپەرى ئالمىسىنى ھېچكىمگە تاشلىماپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ قايسى يىگىتنىڭ ئۆتمەي قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قويچىسىنىڭ

ئۆتمەي قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، «ئۇنى ئۆتسۇن» دەپ پەرمان بېرىپتۇ. ئايپەرى خانتەڭرى كېلىش ھامان قولىدىكى ئالمىسىنى ئۇنىڭغا تاشلاپتۇ. بۇ ئىشتىن شاھ بەكمۇ غەزەپلىنىپتۇ. «چوڭ قىزىم شاھزادىگە، ئوتتۇرانچى قىزىم ۋەزىرزادىگە ئالمىنى تاشلىدى. كەنجى قىزىم قوي باقىدىغان مالىيىمغا ئالما تاشلىدى. بۇ مېنى شەرمەندە قىلغانلىق» دەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ پادىشاھ لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ قىزلىرىنى ئۆزى تاللىغان يىگىتلەرگە بېرىپتۇ. لېكىن ئۆي تۇتۇپ بەرگۈچە خانتەڭرى بىلەن ئايپەرىگە ئەڭ ناچار ئۆينى بېرىپتۇ. بۇ ئىش ئايپەرىنىڭ خانتەڭرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئاجىزلاشتۇرمىغان بولسىمۇ ھار ئاپتۇ. بۇنى سەزگەن خانتەڭرى ئايپەرىگە:

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئىككى ئاچىڭىزنى سىزنىڭ چۆرىڭىزگە، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى پادىچىنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، — دەپ ئايپەرىگە تەسەللى بېرىپتۇ ۋە بۇنىڭ ئامالىنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شاھنىڭ چوڭ كۈيئوغۇللىرى شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھ ئۇلارغا ياخشى ئات، ياخشى قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوۋ ئىتى ۋە قۇشلىرىنى بېرىپتۇ. ئۇلارنى قىزغىن داغدۇغا بىلەن يولغا سېپتۇ.

خانتەڭرىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر ئېشەكنى مىنىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇ شەھەر سىرتىغا چىققاندا، ئېشەكنى قويۇۋېتىپ، تۇلپارنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپادار تۇلپىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ. خانتەڭرى ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، تۇلپارغا

مىنىپ بىرنەچچە تاغ ئۆچكىسى ۋە كىيىكنى ئوۋلىغاندىن كېيىن چېدىرنى چوڭ كۆيئوغۇللار ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە تىكىپ، گۆشنى يەپ يېتىپتۇ. تۇلپارنى ئەتراپتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىشكە ئەۋەتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە شاھنىڭ ئارزۇلۇق كۆيئوغۇللىرى ھېچنەرسە ئوۋلىيالماي، ئاچ قورساق قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يول ئۈستىدىكى چېدىرنى كۆرۈپ، «قورساقنى توقلىۋالىدىغان بولدۇق» دەپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

خانتەڭرى ئۇلارنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ، تويغۇزۇپتۇ. لېكىن ئۇلار خانتەڭرىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن باجا ئىكەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. ئۇلار كېتىشنىڭ ئالدىدا خانتەڭرىدىن ئوۋلىغان ئوۋدىن بىرنى بېرىشى، ئەگەر ئىلتىماسىنى قاندۇرسا، ھەر قانداق تەلىپىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. خانتەڭرى ئۇلارغا:

— مەيلى، مەن سىلەرنىڭ ئىلتىماسىڭلارغا بىنائەن، سورىغان نەرسىلىرىڭلارنى بېرەي. مەنمۇ دۈمبەڭلارغا تامغامنى بېسىۋالاي، — دەپتۇ.

شاھنىڭ كۆيئوغۇللىرى ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن «دۈمبىدىكى تامغىنى كىم كۆرەتتى. بۇ قېتىم بىزمۇ بۇ يەردىن كېتىۋالساق، بۇ يىگىت بىزنى ئىزدەپ تاپالامدۇ» دېيىشىپ رازى بوپتۇ.

خانتەڭرى شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە ئۆزىنىڭ «پادىچى» دېگەن تامغىسىنى بېسىۋېلىپ تاغ ئۆچكىسىدىن بىردىن بېرىپتۇ. ئۇلار خانتەڭرىگە مىڭ بىر رەھمەت ئېيتىپ كېتىپتۇ.

خانتەڭرى شەھەر يېنىغا بارغاندا ئۆزى يەپ تۈگىتەلمىگەن گۆشلەرنىڭ بىر قىسمىنى كىشلەرگە بېرىۋېتىپ تۈلپارنى قويۇۋېتىپ، يەنە ئاۋۋالقى ئېشەككە مىنىپ ئوردىسىغا قايتىپتۇ.

شاھنىڭ چوڭ قىزلىرى ئەرلىرى ئېلىپ كەلگەن تاغ ئۆچكىسىنىڭ گۆشىنى ئالاھىدە پىشۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئايپەرىمۇ خانتەڭرى ئېلىپ كەلگەن گۆشنى پىشۇرۇپ، ئەتەي قۇمىلىقى سىيرىلمىغەن بىر تال ئۇچىيىنى گۆشكە قوشۇپ ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھقا چوڭ قىزلىرى پىشۇرغان گۆش ياقماپتۇ. كەنجى قىزىنىڭ پىشۇرۇپ ئېلىپ كىرگەن گۆشى تاتلىق بولسىمۇ، ئۇچىيىنى يېگەندە ئاغزىغا قۇملاق چىقىپتۇ. شۇڭا ئۇ كەنجى قىزغا:

— قىزىم، گۆشنى مەززىلىك پىشۇرۇپسەن. لېكىن پاكىز تازىلىماپسەن، — دەپتۇ. شۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئايپەرى:

— بىزگە قوتاننىڭ يېنىدىكى تاشلاندۇق ئۆينى بەردىلە. ئېغىل يېقىن بولغاچقا، قۇملاق چۇشۇپ قالسىمۇ قالغاندۇ، — دەپتۇ.

بۇ ئىشتىن ئىزا تارتقان شاھ ئۇلارنى بىر ياخشى سارايغا كۆچۈرۈپتۇ.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئايپەرىنىڭ تەلىپى بىلەن ئاتىسى قىرىق بىر كۈنلۈك يىراق يەردىن ئات چاپتۇرىدىغان مۇشەققەتلىك بەيگىنى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. بۇ بەيگىگە خانتەڭرىمۇ قاتناشماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ چوڭ كۈيئوغۇللىرىغا ياخشى ئاتلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كەملىرىنى تولدۇرۇپ يولغا سالغان بولسىمۇ، كەنجى كۈيئوغلىغا ھېچنەرسە بەرمەپتۇ.

بەيگىگە قاتنىشىدىغان يىگىتلەر بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، بەيگە ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ پەرمانى بىلەن سەپتە تۇرۇپ، بىر چۇقان بىلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشقا كىرىشىپتۇ.

خانتەڭرى كۆك ئىشەكنى مىنىپ بەيگىچىلەر قاتارىدا تۇرغانىكەن. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىشەكنى قويۇۋېتىپ تۇلپارنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ هامان تۇلپار هازىر بوپتۇ. خانتەڭرى ئۇۋ ئۇۋلاپ بىرنەچچە كۈن ئويناپ دەم ئالغاندىن كېيىن بەيگىچىلەرگە يېتىشىۋېلىش قارارىغا كېلىپ تۇلپارنى قويۇۋەتكەنىكەن، پەقەت يېرىم كۈندىلا ئۇلارغا يېتىشىپتۇ. ئەگەر بۇ چاغدا بارسا ئايپەرى بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتىدىن بۇرۇن بېرىپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، يەنە ئۇۋ ئۇۋلاپ دەم ئاپتۇ. بەيگىچىلەر كەتكىنىگە ئوتتۇز ئالتە كۈن بولغاندا خانتەڭرى تۇلپارى بىلەن ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ بەيگىگە قاتناشقان يىگىتلەرگە يېتىشكەندىن كېيىن «كۆك ئىشەككە مىنىپ، بەيگىگە قاتناشقان خانتەڭرى دېگەن مەن بولىمەن» دەپ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كىيىۋالغان تۇماقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايپەرى بىلەن كېلىشكەن قەرەلدە، يەنى بەيگە ۋاقتىدىن تۆت كۈن بۇرۇن بەلگىلەنگەن پەللىگە يېتىپتۇ. بۇ كۈنى «ياخشى ئاتقان مىنگەن يىگىتلەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن پەرەز بىلەن پادىشاھ ۋەزىرلىرى، قىزلىرى ۋە پۇقرالار بىلەن پەللىگە چىقىپ تۇرغانىكەن. تۇلپارنى چاپتۇرغىنىچە خانتەڭرى كەپتۇ. پادىشاھ باشلىق بارلىق كىشىلەر خانتەڭرىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئايپەرى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، خانتەڭرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن

ئىككىسى ئەل ـ خالايىق ئالدىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار ئىككىسى شاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شاھزادىلەردىن نەچچە ھەسسە قاۋۇل، كېلىشكەن يىگىتنى كۆرگەن شاھ: «مېنىڭ كەنجى كۈيئوغلۇم ئەمەس، مەن بىلىدىغان قويچى مۇنداق يىگىت ئەمەس ئىدىغۇ؟!» دەپ ھەيران بوپتۇ. شاھنىڭ چوڭ قىزلىرىمۇ ئۆز سىڭلىسىنىڭ شۇنچە قاۋۇل، مەردانە يىگىتكە تېگىۋالغانلىقىغا ھەسەت قىپتۇ.

بەزى ۋەزىرلەر: «بۇ يىگىت راستتىن بەيگىگە قاتناشتىمۇ، يا يېرىم يولدىلا بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ يالغاندىن بەيگىدە ئۆتتۇۋالغان قىياپەتكە كىرىۋالدىمۇ، كىم بىلىدۇ» دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «بەيگىچىلەر تۇگەل قايتىپ كەلگەندە ھەممە سىرلار ئاشكارا بولىدۇ. بىرىلىدىغان مۇكاپاتنى شۇ چاغدا بېرەيلى» دېيىشىپ تارقاپتۇ.

خانتەڭرى ئايپەرنى ئىتتىغا مىنگەشتۈرۈپ تۇلپىرىنى قويۇۋەتكەنىكەن، تۇلپار شۇ ھامان كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئاغزىلىرىنى ئاچقانچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قاپتۇ. ئۇلار ئوردىغا قايتىپ كەلسە، خانتەڭرى بىلەن ئايپەرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشلارغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ھاڭ ـ تاڭ بوپتۇ. ئايپەرى كەچتە ئاچىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئۆتتۇشكەندۇق، ئېرىم قايتىپ كەلدى. مەن سىلەرنى ئۇتتۇم. سىلەر مېنىڭ قۇلۇم بولىدىغان بولدۇڭلار، بىلىكىڭلارنى چىقىرىڭلار، مەن تامغامنى بېسىۋالاي» دەپ، ئىككى ئاچىسىنىڭ بىلىكىگە «ئايپەرى» دېگەن تامغىسىنى بېسىپتۇ. بەيگىنىڭ قىرىقىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ چوڭ كۈيئوغلى بىلەن ئىككىنچى كۈيئوغلى

كېلىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يىگىتلەرمۇ بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك كېلىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ چوڭ مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. شۇ مەيداندا بەيگىدە ئۇتقان يىگىتلەرنى مۇكاپاتلىماقچى بوپتۇ. خانتەڭرى يىغىۋالغان بەيگىچى يىگىتلەرنىڭ تۇماقلىرىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر شاھنىڭ كەنجى كۈيئوغلىنىڭ بۇ بەيگىدە ئۇتقانلىقىنى جاكارلاپتۇ. چوڭ كۈيئوغۇللارغا بەرمەكچى بولغان مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا بىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، خانتەڭرى:

— ئۇلار مىنىڭ قۇللىرىم، ئىشەنمىسەڭلار ئۇلارنىڭ غولىغا قاراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يەشتۇرۇپ غولىغا قاراپ، راستتىن ئۇلارنىڭ «پادىچى» نىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇپتۇ. ئايپەرىمۇ ئىككى ئاچىسىنى كۆرسىتىپ:

— بۇلار مىنىڭ چۆرىلىرىم، ئىشەنمىسەڭلار بىلىكىگە قاراپ بېقىڭلار، مىنىڭ تامغام بېسىقلىق، — دەپتۇ. ئاچىلىرىمۇ ئىقرار قىپتۇ. ئايپەرى خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزى تەگكەن يىگىتنىڭ شاھنىڭ قوينى باقىدىغان قويچى بولماستىن، بەلكى ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن، قىرىق بىرىنچى پەلەمپەيگە چىققان، بۇ قېتىمقى بەيگىدە ئۇتقان مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. خەلق ئاممىسى خانتەڭرىنى باشلىرىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇبارەكلەپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ كەنجى كۈيئوغلىغا توغرا مۇئامىلىدە بولالمىغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ. شاھلىق تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپتۇ.

خانتەڭرى ئۇنىمىغان بولسىمۇ، پۇقرالارنىڭ قىزغىن ھىمايىسى، پادىشاھنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خانتەڭرى تۇلپىرىنى ئاۋۋالقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۇلۇغلاپ چوڭ كۆرۈشكە باشلاپتۇ. خانتەڭرى بارلىق ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن بىجىرىپتۇ. خەلق ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن رازى بوپتۇ.

خانتەڭرى ئۇزاق ئۆتمەي ئاتىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىچى دوستىنى ئوردىغا خەزىنىچى قىپتۇ. شاھنى ھۆرمەتلەپتۇ. خانتەڭرى بىلەن ئايپەرى خۇشال ـ خۇرام ھايات كەچۈرۈپ نەچچە پەرزەنتكە ئاتا ۋە ئانا بوپتۇ.

خانتەڭرىنىڭ كىشىنى يەيدىغان تۇلپىرى ئۇنى شۇنداق زور ھۆرمەتكە، ئابرۇيغا سازاۋەر قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىچىدە «ئەر قانىتى ــــ ئات» دېگەن ماقال تارقىلىپتۇ[1].

## سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قايماقنىڭ پۇلى

زاماننىڭ ئاۋۋىلىدا «ھېكىم قايماقچى» دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تۇياق سېغىن كالىسى بولغانىكەن. ئۇ ئەنە شۇ سېغىن كالىلىرىنى سېغىپ سۈت، قايماق سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئۇ كالىلارنى ئوت ـ سامان، بوغۇزلار بىلەن ئوبدان تويۇندۇرۇپ باققاچقا، ھەر بىر كالىدىن بىر چېلەكتىن سۈت سېغىۋالىدىكەن، بۇ سۈتلەرنى ئاخشىمى قايناتىپ قايمىقىنى ئايرىۋېلىپ، ئەتىگەندە

[1] «تۇرپان خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇسالام توختى    توپلىغۇچى: ئەخمەت ھۇسەيىن

بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئۇنىڭ سۈت ـ قايمىقى ساپ بولغاچقا، گاھى كۈنلىرى بازارغا يېتىپ كەلگۈچە يول بويىدىكى ئادەملەر ھېكىم قايماقچىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇپ يولدا ئېلىپ بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۈت ـ قايمىقى بازارغا ئاشمايدىكەن. لېكىن باشقا قايماقچىلارنىڭ سۈتى سۇيۇق، قايمىقى نېپىز بولغاچقا، كۈن چۈش بولغۇچە ساتالماي خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرىدىكەن. گاھىدا ساتالماي ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ كېتىدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ ھېكىم قايماقچىنىڭ ھالى ياخشىلىنىپ مەلۇم دۇنياغا ئىگە بوپتۇ. قايماقچىلىقتا داڭق چىقارغان ھېكىمنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇشقا باشلاپ، ھەربىر چېلەك سۈتكە بىر ساپلىقتىن سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئىككى ساپلىق، ھەتتا ئۈچ ـ تۆت ساپلىق سۇ قوشۇپ ساتىدىغان بوپتۇ... پۇلمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سېغىن كالىنى ئون تۇياققا يەتكۈزۈپ ئەر ـ خوتۇن، ئوغۇل ـ قىز، كېلىنلىرى بىلەن ھەممىسى قايماقچىلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ خېلى كۆپ دەسمايىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، توپلانغان پۇللىرىنى يامبۇ، تىللاغا ئالماشتۇرۇپ، ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇش سەپىرىگە يولغا چىقىپتۇ.

ھېكىم قايماقچى ئون نەچچە ئادەم بىلەن ئۈچ ـ تۆت ئايلار يول يۈرۈپ بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن دەريادىن ئۆتۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن بىر يەلكەنلىك كېمىنى كىرا قىلىپ ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپتۇ. كېمە دەل دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران چىقىپ، كېمە ئالغا ماڭالماي قاپتۇ. كېمىدە ئولتۇرغان ئون نەچچە يولۇچى: «ئەمدى دەرياغا غەرق

بولىدىغان بولىدۇق» دەپ تەڭرىگە نالە ـ پەرياد قىلىپ يىغلاپتۇ. شۇنداق پەيتتە كېمىچىنىڭ ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالغان مايمۇنى چەتتىرەك ئولتۇرغان ھېكىم قايماقچىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئېسىۋالغان ھەميىنىنى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، يەلكەننىڭ موما ياغىچىنىڭ ئۇچىغا چىقىۋاپتۇ. ھېكىم قايماقچى: «ۋاي! كېمىچى ئۇستام، مايمۇنىڭىز ھەميىنىمنى ئېلىپ مومىنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالدى، ئېلىپ بەرسىڭىز. ئىچىدە مىڭ تىللايىم بار. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلسام ھەرەمگە بارالمايمەن. يولدا ئاچلىقتىن ئۆلۈشتىن باشقا چارە يوق» دەپ نالە ـ پەرياد قىلىپ، كېمىچىگە يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ. ھېكىم قايماقچىنىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان كېمىچى مايمۇنغا: «قايتىپ چۈش! قولۇڭدىكىنى تاشلا!» دەپ قول ئىشارىتى قىپتۇ. لېكىن، مايمۇن پەرۋا قىلماي، ھەميانىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىكى تىللانى بىردىن ـ بىردىن دەرياغا تاشلاپ ئويناپتۇ. ھېكىم قايماقچى مايمۇننىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

كېمىچى يەنە مايمۇنغا: «قولۇڭدىكىنى ماڭا تاشلاپ بەر!» دەپتۇ. مايمۇن ھەميانىنى كېمىچىگە تاشلاپ بېرىپتۇ. كېمىچى ھەميانىنى ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەن ھېكىم قايماقچىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ھېكىم قايماقچى ھەميانىنى قولىغا ئېلىپ تىللانى سانىسا، ئالتە يۈز تىللا قاپتۇ. «خۇداغا شۈكۈر» دەپ ئالتە يۈز تىللانى يۇختا يەرگە سېلىپ يىغىدىن توختاپتۇ.

سۈتكە سۇ قوشۇپ ھالال بىلەن ھارامنى پەرق قىلماي خەقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ تاپقان پۇلنىڭ ئۆزىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ھېكىم قايماقچى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ سۈتكە سۇ قوشۇپ خېرىدارلارنى ئالداپ پۇل تاپقانلىقىنىڭ گۇناھىغا

تووۋا قىپتۇ. ۋە: «سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قايماقنىڭ پۇلى» دەپ تەكرارلاپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ ئارقىسىدىن چاپقانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويۇپتۇ. دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر ماۋزۇ - سانا ئېيتىپ، ئورنىغا ئولتۇرۇۋاپتۇ. بۇ چاغدا بورانمۇ توختاپ، كېمىمۇ ئالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. كېيىن ساق - سالامەت بىر سارايغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ھەرەم سەپىرىدە بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى تولۇق بايان قىلىپ، باللىرىغا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. ئۇ خېتىدە: «مېنى ساق - سالامەت قايتىپ كەلسۇن دېسەڭلار، سۇتكە سۇ قوشماي سېتىڭلار. ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق كىشىگە ھەرگىز ئەسقاتمايدىكەن» دېگەن مەزمۇنلار بار ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن «سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قايماقنىڭ پۇلى» دېگەن ماقال قالغانىكەن[1].

## ياخشىلىق يەردە قالماس

بۇرۇنقى زاماندا مۇشۇ دەريانىڭ بويىدا بىر بېلىقچى ياشىغانىكەن. بېلىقچىنىڭ قاسىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئىككىسى دەرياغا تور سېلىپ بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادا بىلەن بالا دەرياغا تور تاشلاپتۇ. تورنى يىغىپ قارىسا بىر تالمۇ بېلىق چىقماپتۇ. ئىككىنچى قېتىم تاشلىغان تورغىمۇ بېلىق چۈشمەپتۇ. بۇلار: «بۈگۈن رىزقىمىز يوق كۈن ئىكەن» دەپ مەيۈسلىنىپ ئۆيىگە كېتىشمەكچى بولۇشۇپتۇ. دادىسى: «تەۋەككۈل قىلىپ يەنە بىر قېتىم تور تاشلايلى» دەپتۇ. بۇ

[1] «تۇرپان خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۆمەر باقى     توپلىغۇچى: ياقۇپجان ئۆمەر

قىتىم تاشلىغان تورغا چوڭ بىر بېلىق چىقىپتۇ. دادا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بۇ بېلىقنى توردىن چىقىرىشقا كۈچى يەتمەپتۇ. دادىسى:

— سەن تورنى چىڭ تارتىپ تۇرغىن، مەن پالتا تېپىپ كېلەي، بېلىقنى پارچىلاپ ئالايلى، — دەپتۇ ۋە ئۆيگە كېتىپتۇ. بېلىق زۇۋانغا كېلىپ، قاسىمغا:

— ئەي يىگىت، سەن رەھىم قىلىپ مېنى قويۇۋەتسەڭ، سېنىڭ بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە مەن ساڭا باشپاناھ بولىمەن، — دەپتۇ. قاسىمنىڭ ئىچى ئاغرىپ بېلىقنى قويۇۋېتىپتۇ. بېلىقچى يېتىپ كېلىپ:

— بېلىق قېنى؟ — دەپتۇ. قاسىم قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بېلىقچى ئوغلىنى:

— ھاماقەت دېۋەڭ، مېنىڭ سەندەك قولىدىكى ئامەتنى تاشلىۋەتكىدەك بالام يوق، — دەپ تىللاپتۇ. قاسىم ئىچ پۇشۇقىدا مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ھېرىپتۇ، بىر تۈپ توغراق تۈۋىدە ئارام ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇيۇ، قۇش بالىلىرىنىڭ ۋەھىمىلىك چىرقىراپ كېتىشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، ئالدىدىكى بىر تۈپ توغراققا چوڭ بىر يىلان يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىۋېتىپتۇ. توغراق شاخلىرى ئارىسىدىكى چاڭگىدا ياتقان بىر جۈپ قۇش بالىسى يىلانغا يەم بولۇشتىن قورقۇپ، ھەسرەتلىك چىرقىراۋېتىپتۇ. يىلان قۇش چاڭگىسىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بىر غېرىچلا ئارىلىق قاپتۇ، قاناتلىرىغا تېخى پەي چىقمىغان بۇ بىچارە قۇش بالىلىرى تېخىمۇ نالە ـ پەرياد قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ، قاسىمنىڭ بۇ قۇش

بالىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ يىلاننىڭ بېشىغا نەقلەپ ئېتىپتۇ. يىلان بېشى ئۇزۇلگەن ھالدا يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. قۇش بالىلىرى ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— ئەي ئادەمزات، سەن بىزگە چەكسىز ياخشىلىق قىلدىڭ، بىز سېنىڭ بۇ شەپقىتىڭگە ياخشىلىق قايتۇرۇشىمىز كېرەك! ئانىمىزنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۇ سېنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىردەم يوشۇرۇنۇپ تۇرغىن، — دەپتۇ. قاسىم توغراقنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئالتە غۇلاچ قانىتى بار چوڭ بىر قۇش ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، كۆتۈرۈپ كەلگەن گۆشنى بالىلىرىغا يېگۈزۈپتۇ. پەسكە قاراپ:

— يەردە ياتقان ئۆلۈك يىلاننى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپتۇ. قۇش بالىلىرى بولغان ئەھۋالنى ئانىسىغا بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. قۇش قاسىمنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ:

— ئەي ئادەمزات! مەن ھەر قېتىم تۇخۇم يېرىپ چۈجە چىقارسام، ۋەھشىي يىلان يەپ كېتىپ، بالىلىرىمنى قاتارغا قوشالماي ھەسرەتلىنىپ كېتىۋاتقىنىمغا ئالتە يىل بولغانىدى. سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر بالا - قازانى يوقىتىپ بېرىپسەن. دەپ باققىنا، بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا نېمە بېرىشىم كېرەك؟ سېنىڭ نېمىگە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. قاسىم:

— مېنىڭ ھېچنەرسىگە ھاجىتىم يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قۇش:

— ئۇنداق بولسا پېيىمدىن ئۈچ تال يۇلۇپ ساڭا بېرىمەن.

www.uyghurkitap.com

بېشىغا خەۋپ ـ خەتەر كېلىپ قالغان ياكى بىرەر ئىشتا موھتاجلىق تارتىپ قالساڭ، پېيىمدىن بىر تالنى كۆيدۈرگىن، شۇ هامان مەن سىنىڭ يېنىڭغا هازىر بولۇپ خىزمىتىڭدە بولىمەن، ــ دەپتۇ. قاسىم قۇش پېيىنى يانچۇقىغا سېلىپ، قۇش ۋە ئۇنىڭ باللىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. بىر يەرگە بارسا بىر تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئەي ياخشى يىگىت، مېنى قۇتقۇزۇۋال، ــ دەپتۇ. قاسىم:

ــ سېنى نېمىدىن قۇتقۇزىمەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. تۈلكە:

ــ بىر رەھىمسىز ئوۋچى مىلتىقىنى ماڭا چەنلەپ ئىزىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن يالغۇز ئولجىغا چۈشۈپ قالسام كارى چاغلىق، لېكىن تۆت كۈچۈكۈم باشپاناھسىز قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەن بەك خۇش بولاي، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. قاسىم تۈلكىگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى قېرى توغراق دەرىخىنىڭ كامىرىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئوۋچى يۈگۈرۈپ كېلىپ قاسىمدىن:

ــ تۈلكە كۆردىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. قاسىم:

ــ كۆردۈم، بىر تۈلكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ مۇشۇ تەرەپكە قېچىپ كەتتى، ــ دەپتۇ. ئوۋچى قاسىم كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. ئوۋچى خېلى يىراققا كەتكەندىن كېيىن تۈلكە قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ مەن سىنىڭ ياخشىلىقىڭغا قانداق جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ ــ دەپ سوراپتۇ. قاسىم:

ــ مەن سەندىن ياخشىلىق تەمە قىلمىدىم. خالىسانە ياردەملەشتىم، ــ دەپتۇ. تۈلكە قۇيرۇقىدىن ئۈچ تال قىلنى يۇلۇپ

قاسىمغا بەرگەندىن كېيىن:

— قاچان سەن قىيىنچىلىقتا ياكى موھتاجلىقتا گىرىپتار بولۇپ قالساڭ، بۇ قىلدىن بىر تال كۆيدۈرگىن. مەن قېشىڭغا ھازىر بولۇپ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەملىشىمەن، — دەپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بوپتۇ. قاسىم مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كاتتا بىر شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. قارىسا، بىر بوۋاي يىغلاپ كېتىۋېتىپتۇ. سوراپ بىلدىكى، بۇ بوۋاينىڭ ئوغلى پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىمەن دەپ، ئۇ قىزنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالماي كاللىسى چېپىلىپتۇ. قىزنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن.

بۇ قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىت يوشۇرۇنۇۋېلىشى لازىم ئىكەن. قىز جاھان ئەينىكى بىلەن قاراپ بۇ يىگىتنى بىر كۈنگىچە تاپالمىسا، بۇ يىگىتكە تېگىشكە رازى بولىدىكەن. بىر كۈنگىچە ئۇ يىگىتنى يوشۇرۇنغان يېرىدىن كۆرۈپ تاپالىسا، يىگىتنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىكەن. قاسىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇسىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ قاسىمنىڭ تۇرقىغا قاراپ مەنسىتمەي:

— ياش تۇرۇپ بېشىڭدىن ئايرىلىشقا تەۋەككۇل قىپسەن، نىيىتىڭدىن يانساڭ بولارمىكىن، — دەپتۇ. قاسىم بېلىق، قۇش، تۈلكىلەرنى يادىغا كەلتۈرۈپ پادىشاھقا:

— ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بولمىسا بۇ نىيەتكە كەلمەيتتىم، — دەپتۇ. پادىشاھ قاسىمنى قىزنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھ قىزى قاسىمغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

— شۇ ھالىڭغىمۇ ماڭا خېرىدار بولۇپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قاسىم:

— «ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل» دېگەن گەپ بار. شەرتىڭىزنى ئورۇندىيالماي ئۆلۈپ كەتسەم، جېنىمغا رازى. لېكىن شەرتىڭىزنى ئادا قىلىپ ۋىسال لەۋلىرىڭىزنى سۆيۈشكە ئېرىشەلمىسەم ئىشەنچىم بولمىسا، ئالدىڭىزغا كەلمەيتتىم، — دەپتۇ. شاھ قىزى:

— پاھ، سېنىڭ گېپىڭنىڭ چوڭلۇقىنى! بوپتۇ. ئەتە ئەتىگەن يوشۇرۇنغىن. ئەتە كەچكىچە سېنى تاپالمىسام، سېنى ئېرىم دېيىشكە رازىمەن، — دەپتۇ.

قاسىم ئەتىسى سەھەردە بېلىقنىڭ گېپىنى يادىغا ئېلىپ دەريا بويىغا كەپتۇ ـ دە، ئۈچ قېتىم چاۋاك چاپتۇ. ھېلىقى بېلىق دەرھال دەريانىڭ قىرغىقى يېنىغا كېلىپ قاسىمنىڭ ئالدىغا توغرىلىنىپتۇ. قاسىمنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاسىمنى يۇتۇۋېتىپتۇ، بېلىق قاسىمنى قورسىقىغا يوشۇرۇپ دەريانىڭ تېگىنى بويلاپ يىراققا كېتىپتۇ. شاھ قىزى بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ ئاسماننىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە قاراپتۇ، يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. ئورمان، جاڭگال، چۆل ـ جەزىرە، باغ بوستانلارغا نەزەر تاشلاپتۇ، يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. تاغ ئېغىزى، غار ـ ئۆڭكۈرلەرنى كۆزىتىپتۇ، يىگىت يەنە كۆرۈنمەپتۇ. شاھ قىزى ھەيران بولۇپ: مەن ئاشۇ جوندەكنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالارمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئەينەكنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ دەرياغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ:

— ئەنە ئۇ يىگىت، — دەپتۇ. ئۇ دەريانىڭ تاغ تېگىدىن ئاقىدىغان يېرىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان چوڭ بېلىقنىڭ قورسىقىدا يىگىتنى كۆرۈپ، پادىشاھ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ بېلىقنى تورغا چۈشۈرۈپتۇ. چاپارمەنلەرنىڭ باشلىقى:

— ھەي بىلىق، قورسىقىڭدىكى يىگىتنى چىقىرىپ بەرمىسەڭ، سېنى قىلىچ بىلەن پارچىلاپ تاشلايمىز، — دەپتۇ. بېلىق:
— مېنى نەچچە پارچە قىلىپ تاشلىساڭلارمۇ بۇ يىگىتنى چىقىرىپ بەرمەيمەن، — دەپتۇ. يىگىت بېلىققا:
— ئەي ۋاپادار بېلىقىم، مەن ئۈچۈن جېنىڭنى تىككىنىڭگە رەھمەت! ئىككىمىزنىڭ ھالاك بولغانلىقىدىن كۆرە، بىرسىمىز بولساقمۇ تىرىك قالغىنىمىز غەنىيمەت، مېنى چىقىرىپ بەرگىن. مەن پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي، — دەپتۇ. بېلىق ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپتۇ، يىگىت سىرتقا چىقىپتۇ. شاھنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى قاسىمنى يالاپ، شاھ قىزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. شاھ قىزى:
— ئۆلۈمگە رازىمۇ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قاسىم:
— مىڭ مەرتىۋە رازى، — دەپ باش ئېگىپتۇ، شاھ قىزى قاسىمنىڭ مەردلىكىدىن تەسىرلىنىپتۇ. باشقا يىگىتلەر بۇ يىگىتتەك ياخشى يوشۇرۇنماي تاغ كەينىگە، تام دالدىسىغا، دەرەخ شاخلىرىغا يوشۇرۇنۇپ ئوڭايلا تېپىلىپ قالغانىكەن. شەرتنى ئادا قىلالمىغانلىقىدىن كېيىن ئۆلۈمگە نارازى بولغان ۋە يالۋۇرۇپ نامەردلىك، چىدىماسلىق قىلغانىكەن. بۇ يىگىت ئۇلاردەك پاراسەتسىز ۋە قورقۇنچاق ئەمەس ئىكەن، قىز بۇ يىگىتنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باققۇسى كېلىپ:
— بوپتۇ، يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنۇپ باققىن، — دەپتۇ. قاسىم ئەتىسى سەھەر جاڭگالغا كېلىپ قۇشنىڭ پېيىدىن بىر تال كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ ھامان قۇش شاۋقۇن ـ سۈرەن چىقىرىپ ئۇچۇپ قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قونۇپتۇ. قاسىمدىن:

— نېمىگە موھتاج بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. قاسىم ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. قۇش:

— مەن سېنى شۇنداق يوشۇرايكى، بىر كۈن ئەمەس، بىر ئايغىچىمۇ سېنى تاپالمايدۇ. قېنى بوينۇمغا مىنگىن، — دەپتۇ. قاسىم قۇشنىڭ بويىنغا مىنىپتۇ، قۇش قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇچقانچە قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھ قىزى كېلىشكىنى بويىچە چۈش ۋاقتى بىلەن جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ دەرياغا نەزەر تاشلاپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. تاغ - جىلغا، ئورمان، جاڭگال، چۆل - جەزىرىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ، يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. ئەينەكنى ئاسمانغا توغرىلاپ، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە قاراپتۇ. بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنىڭ بويىنغا ئولتۇرغان قاسىم ئەينەكتە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بۇ قۇشنىڭ ھەر كۈنى كەچتە يىراقتىكى بۇلاق بويىغا سۇ ئىچىش ئۈچۈن چۈشىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئوقيالىرىنى بەتلىشىپ، بۇلاقنىڭ ئەتراپىدىكى دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. راست دېگەندەك كۈنپېتىشقا ئاز قالغاندا قۇش شاۋقۇن - سۈرەن چىقىرىپ بۇلاق بويىغا قونۇپتۇ. قاسىم قۇشنىڭ بوينىدىن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى يوشۇرۇنغان يېرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ قۇشقا چەنلەپ ئوقيا ئېتىپ قۇشنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. قاسىمنى تۇتۇپ شاھ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. شاھ قىزى ئۇنىڭدىن:

— بۇ قېتىممۇ شەرتىمنى ئادا قىلالمىدىڭ، ۋەدىگە ئاساسەن تېنىڭدىن كاللاڭنى جۇدا قىلىشىم كېرەك، بۇنىڭغا نېمە

دەيسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. قاسىم:
ـــ نېمە دەيتتىم، مېنىڭ كارامىتىمدىن سىزنىڭ كارامىتىڭىز يۇقىرى ئىكەن. مەن يېڭىلدىم. جېنىمغا رازىمەن، ـــ دەپتۇ. شاھ قىزى: بۇ يىگىت بىلىق ۋە قۇشلارغىمۇ گېپىنى ئاڭلىتالايدىكەن. يەنە قانداق كارامىتى بارلىقىنى بىلىپ باقاي دەپ ئويلاپ:
ـــ بوپتۇ، مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، يەنە بىر قېتىم يوشۇرۇنغىن، بۇ قېتىم سېنى تاپالىسام، سېنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرمەن، تاپالمىسام، سېنى ئېرىم دېيىشكە رازىمەن، ـــ دەپتۇ. قاسىم ئەتىسى سەھەردە جاڭگالغا كېلىپ تۈلكە بەرگەن قىلنى كۆيدۈرۈپتىكەن، تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:
ـــ قانداق قىيىنچىلىق تارتىپ قالدىڭ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. قاسىم مەقسىتىنى بايان قىلىپ:
ـــ خان قىزى مېنى بېلىقنىڭ قورسىقىدىنمۇ، بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىنمۇ كۆرۈپ تېپىۋالدى. بۇ قېتىم يەنە تېپىۋالسا، مېنى جەزمەن ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ـــ دەپتۇ. تۈلكە بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:
ـــ خاتىرجەم بول، چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەن گەپ بويىچە بىر ئامال قىلىمەن، ـــ دەپتۇ ـ دە، يەرنى كولاپ كىرىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تۈلكە قايتىپ چىقىپ، بۇ تۆشۈكتىن كىرىپ مېڭىۋەرگىن، تۆشۈكنىڭ ئاخىرىنى شاھ قىزى ئولتۇرىدىغان تەختىراۋاننىڭ تېگىگىچە كولاپ قويدۇم، تۆشۈكنىڭ توختىغان يېرىدە تۇرساڭ، خان قىزى سېنى تاپالمايدۇ.
شاھ قىزى چۈش ۋاقتى بىلەن جاھان ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ، ئاسماننى، تاغ ـ دەريالارنى، جاڭگال، چۆل ـ جەزىرىلەرنى بىرمۇ بىر كۆرۈپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. شاھ قىزى ئەينەكنى ھەر بىر پارچە بۇلۇت، ھەر تۈپ دەرەخ، ھەربىر بېلىق، ھەربىر قۇشلارغا قەدەر

قايتا ـ قايتا توغرىلاپتۇ. بىراق يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. شاھ قىزى كەچ كىرگۈچە ئەينىكىنى ئىرىقمۇئىرىق، ئۆيمۇ ئۆي، ئۆڭكۈرمۇ ئۆڭكۈر توغرىلاشنى تەكرارلاۋېرىپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ، كۈن ئولتۇرۇپتۇ. بۇ شاھ قىزى دادىسىنى چاقىرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ، پادىشاھ:

—— ئەل جامائەت بىزنى لەۋزىدە تۇرمىدى دەپ ئەيىبلىمىسۇن. يىغىلغانلىكىڭنى جاكار قىلغىن، —— دەپتۇ. شاھ قىزى:

—— مەن يېڭىلدىم، ئەي مېنىڭ شەرتىمنى ئورۇندىغان ئەقىللىق يىگىت، ئالدىمغا ھازىر بولۇڭ، —— دەپ جاكارلاپتۇ. شاھ قىزنىڭ بۇ گەپلىرى ئۈنلۈك جاراڭلاپ، يۇرتنىڭ يىراق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئاڭلىنىپتۇ. شاھ قىزى دەسسەپ تۇرغان گىلەم تەۋرىنىپتۇ، قىز ھەيران بولۇپ ئۈچ قەدەم كەينىگە مېڭىپتۇ. گىلەم كۆتۈرۈلۈپ ئاستىدىن ھېلىقى يىگىت چىقىپتۇ. قىزنىڭ جاكارىسىنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى شاھ قىزنىڭ ئېرى بولىدىغان بۇ قەدىرلىك يىگىتنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشىپتۇ. پادىشاھ پۇقرالار ئالدىدا بۇ يىگىتنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

—— سىز مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولدىڭىز، —— دەپتۇ ۋە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، قاسىم بىلەن قىزنى بىر ئۆيدە قىلىپ قويۇپتۇ، بۇلار مەقسەت ـ مۇرادلىرىغا يېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ[1].

## ئاسمانغا تۇكۇرسە يۈزىگە چۈشۈپتۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تېرىق تۈلۈمدا، يىتىم بۇلۇڭدا ئىكەن.

---

[1] ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىنىياز ئاخۇن

بىر يۇرتنىڭ شەھىرىدە، بىر مەھەللىنىڭ چېتىدە بىر بوّزچى ئوّتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئوّيى چوڭ يول بويىدا ئىكەن. يولدىن ئوّتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ خام توقۇۋاتقان موكىسىدىن «ھەركىم قىلسا، ئوّزىگە قىلار» دەپ چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلايدىكەن. بۇ ئاۋاز شەھەر پادىشاھىغىمۇ ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاشۇ بوّزچىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولۇپ، چارە - ئامال ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنى ھۇزۇرىغا مېھماندارچىلىققا چىللاپ، بوّزچىنىڭ يەيدىغان ئېشى، ئىچىدىغان چېيىغا زەھەر ساپتۇ. تاماق كەلتۈرۈلۈپتۇ، كەلتۈرۈلگەن تاماق پولۇ ئىكەن. بوّزچى لېگەننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن پادىشاھقا:

— مەن ۋە مېنىڭ بالىلىرىم ھاياتىمىزدا بۇنداق ئېسىل پولۇنى يېمىگەن. شۇڭا مەن پولۇنى بالىلىرىم بىلەن يېسەم! — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بولۇپ: ھە، ئەمدى بوّزچىنىڭ ئوّزىنى ئەمەس، ئائىلىسىدىكى سەككىز جاننىڭ ھەممىسىنى جايلىدىم! دەپ ئويلاپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ھەم ئاشنى قاچىسى بىلەن داستىخانغا يوّگەپ بېرىپتۇ.

بوّزچى يولدا كېتىپ بارسا، پادىشاھنىڭ ئەتىگەندە ئويناپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىككى ئوغلى ئۇچراپتۇ، ئاچلىقتىن دۇم چۈشەي دەپ قالغان بۇ ئىككى ئوغۇل: «ئاشنى بەر!» دەپ بوّزچىدىن ئاشنى تارتىۋېلىپ يەپتۇ، ئاخىر پادىشاھنىڭ بۇ ئىككى ئوغلى يول ئۈستىدە ۋاي دېمەيلا قازا قىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ ۋە بوّزچىنى ئەمدى چوقۇم

ئۆلتۈرۈش قارارىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قول سالماقچى بوپتۇ. لېكىن ئاخىرىدا بىر ئاز ئويلىنىپ: بۇنداق سەۋەبسىز ئۆلتۈرسەم يولسىزلىق بولار. شۇڭا بىر سەۋەب تېپىپ ئاندىن ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك! دېگەن خىيالغا كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى بۆزچىنى چاقىرىپ:

— سىز ناھايىتى تەدبىرلىك بۆزچى، ھاۋاغا يەتتە قەۋەتلىك، يەتتە ئېغىزلىق ئۆي سېلىڭ، — دەپتۇ.

بۆزچى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ناھايىتى ئازابلىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ، بۆزچىنىڭ ئون ياشلىق ئەقىللىق بىر قىزى بار ئىكەن، بۆزچى ئەھۋالنى ئەنە شۇ قىزىغا ئېيتىپتۇ، قىزى:

— ۋاي دادا! سىز شۇ ئىشنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ يەتتە قەۋەتلىك يەتتە ئېغىزلىق ئۆينى مەن ئۆزۈم سالاي! — دەپتۇ.

ئەتىسى قىز چۆل - جەزىرىگە بېرىپ، يەتتە دانە تورغاي بالىسىنى تۇتۇپ ئېلىپ كەپتۇ، قىز بۇ تورغاي بالىلىرىغا كۈندە «خىش، خىش، لاي! خىش، خىش، لاي!» دېگەن سۆزنى ئۆگىتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ كېلىپ، بۆزچىدىن: «ئۆي پۈتتىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

قىز تورغايلارنى قويۇپ بېرىپ:

— پادىشاھ قارىسىلا! ئۆينىڭ ئالتە قەۋىتى پۈتتى، بىر قەۋىتى قالدى. تىڭشىسىلا! ئىشچىلار خىش، خىش، لاي! دەپ ئىش قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن خالايىق كۆرۈپتۇ. كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ خەلقئالەم ئالدىدا ھېچنېمە دېيەلمەي مات بوپتۇ.

«ئاسمانغا توكۇرسە يۇزىگە چۈشۈپتۇ، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىپتۇ» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

## ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا

بىر دېھقاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكىنىڭ ئىسمى ھۈسەن ئىكەن. دېھقان چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەپ، كىچىكىنى ئۆيلەشكە پىلان تۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ھەسەن ئىنىسى ھۈسەنگە ئاتا ئورنىدا غەمخورلۇق قىلىشنى ئېسىدىن چىقارماپتۇ. ئۇ ئىنىسىنى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن، بىر شەھەر تۇغقىنىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ:

— ئاتا - ئانىسى قوشۇلدى. قىزنىڭمۇ قارشى پىكرى يوق ئىكەن، ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلارنى تەزىمگە كەلسە دەيدۇ، — دەپتۇ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىسى دەرھال جابدۇنۇپ، قىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئاكىسى ئۇكىسىغا:

— ئالدىڭغا تائام ياكى باشقا يەل - يېمىشلەر كەلگەندە «خوش - خوش» دەپراق يېگىن. ئۆيدىكى ئاچ كۆزلۈكۈڭنى قىلما. بولمىسا، ئۇلار «قائىدە ئۇقمايدىغان يىگىت ئىكەن» دەپ قالىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

[1] «كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇغېنى ئىمىن     توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان تۆمۈر، مەتتۇرسۇن سۇلايمان

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزغىن قارشى ئېلىپ، تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە داستىخان سېلىپ ھەرخىل نازۇ نېمەتلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. ھۆسەن ئاكىسىنىڭ نەسىھىتى بويىچە، ئۆي ئىگىلىرى شۇنچە تەكلىپ قىلسىمۇ «خوش ـ خوش» نى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي، نازۇ نېمەتلەرگە ئېغىز تەگمەپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى كۆڭلىدە:

— كۈيئوغۇل بولغۇچى بالامنىڭ بۇ نەرسىلەرگە خۇشى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دەرھال تۇتۇش قىلىپ، پېتىر مانتا كەلتۈرۈپتۇ. ھۆسەن يەنىلا «خوش ـ خوش» دەپ، مانتىغا كۆز قىرىنىمۇ سالماپتۇ، ئۆي ئىگىسى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپ، قەنت چاي تەييارلاپ، داستىخان ھازىرلاپتۇ. ھۆسەن بۇنىڭغا ئېغىز تەگكۈزمەپتۇ، قىزنىڭ ئانىسى بارچە ئاماللار بىلەن قىلغان ئەجرىگە ھۆسەننىڭ بۇنداق تەكەللۇپ قىلىشلىرىدىن ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئاخىر «قورسىقى توق ئوخشايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۇيان ـ بۇيان پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئورۇن سېلىپ، ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغۇچە ئۇيقۇسى كەلمىگەن ھۆسەن ئاكىسىنى ئويغىتىپ:

— قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى، — دەپتۇ.

— ئالدىڭغا تائام كەلسە ھاكاۋۇرلۇق قىلىسەن، مەندە نېمە ئامال، ئۇخلا! — دەپتۇ ئاكىسى دوق قىلىپ.

— ئۆزۈڭ دېگەننى قىلدىم، ھاكاۋۇرلۇق قىلغىنىم يوق، ئەمدى گۇناھنى ماڭا ئارتامسەن؟ — دەپتۇ ھۆسەن يىغلامسىراپ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەسەن، — ھالۋىنى ھويلىدىكى ئوچاق بېشىدا قويىدى، ئاستا چىقىپ قورسىقىڭنى توقلا، — دەپتۇ

ئاكىسى.

ھۆسەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ھويلىغا چىقىپ، ھالۋا بار كورىغا قولىنى تىقىپ، ھالۋىنى بولۇشىغا قاماللاپ، قولىنى تارتقانىكەن، قولى كورا ئېغىزىدىن پاتماپتۇ. ھۆسەن ھەرقانچە قىلىپمۇ قولىنى كورا ئىچىدىن چىقىرالماي، كورىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ.

— ھالۋا يېدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى.

— يەنە سېنىڭ كاساپىتىڭ، يەنە رەسۋا بولدۇم! — دەپتۇ ھۆسەن كورىنى ئاكىسىغا كۆرسىتىپ.

— بۇنىڭ ئامالى ئاسان، ھويلىدا بىر كۆتەك بار، چىقىپ كورىنى كۆتەككە ئۇرغىن، — دەپتۇ ھەسەن.

ھۆسەن ئاكىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، قاراڭغۇدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر نەرسە تۇرغۇدەك. ئۇ «ئاكام دېگەن كۆتەك شۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپ، ھېچقانداق شەپە چىقارماي بېرىپ، كورىنى راسا بىر ئۇرغانىكەن. «ۋايجان» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ھۆسەن قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋېتىپتۇ ۋە «جىننى كۆرۈپتىمەن» دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئاكىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاكىسى ھەيران بولۇپ ھويلىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىرسى سۇنايلىنىپ ياتقۇدەك. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بۇ جىن ئەمەس، بەلكى ھۆسەننىڭ بولغۇسى قېينانىسى ئىكەنلىكىنى، سەھەردە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرغاندا بېشىغا كورا تېگىپ، ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ ـ دە، بەدەر قېچىپتۇ.

«ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن ماقال ئەنە شۇلارنىڭ

ۋەقەسىدىن كېيىن قالغانمىش[1].

## كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول

ئۆتكەن زاماندا قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن. ئۇ چوڭ ئىشلارنى ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئەمما مىجەزى كەسكىن ۋە شەپقەتسىز ئىكەن. شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولسا، ئىچى تار، كۆزى كىچىك، قارا نىيەت ئادەم ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئايالى ياش چاغلىرىدا تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىلەردىن بولسىمۇ، يىللار ئۆتكەنسېرى رەڭگى سولۇپ، ئايدەك يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، ۋەزىرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھنىڭ سول قول ۋەزىرى دانىشمەن، مەردانە ئادەم ئىكەن. ئۇ ئوۋچىلىق بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىدىكەن، ئۆزى ماھىر مەرگەنلەردىن ئىكەن. سول قول ۋەزىر مۇشۇ شەھەرلىك بولۇپ، قولىنى قاياققا سوزسا شۇ ياققا يېتىدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، بۆلەك شەھەردىن بىر نامرات ئادەمنىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئالغانىكەن. بۇ ئايال تولىمۇ چىرايلىق ۋە كېلىشكەن بولۇپ، يەنە ناھايىتى ۋىجدانلىق ئىكەن. بۇ خىل پەزىلىتى بىلەن تىللاردا داستان ئىكەن. ئەمما ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ كۆزى بۇ ئايالغا چۈشكەنىكەن. شۇڭا خېلى ئۇزۇندىن بېرى بۇ چىرايلىق ئايالنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش نىيىتىدە ئىكەن. ئۇ ئاخىر سول قول ۋەزىرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. بىراق، بىرەر ئەپلىك چارە تاپالماي خېلى ئاۋارە

[1] «ئاقسۇ خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاۋاخان    خاتىرىلىگۈچى: غۇنچەم مۇھەممەت



www.uyghurkitap.com

بوپتۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە، پادىشاھ ئىگىز راۋاقتا چىقىپ پۈتكۈل شەھەرگە نەزەر تاشلاپتۇ. يىراقتىكى ياپيېشىل تاغلار، تاغ ھاۋاسى شاھقا ھۇزۇر بېغىشلاپتۇ. كۆڭلى كېيىك گۆشى تارتىپ قاپتۇ ۋە راۋاقتىن چۈشكەندىن كېيىن سول قول ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، كېيىك تۇتۇپ ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. سول قول ۋەزىر بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭمۇ بىللە بارغۇسى كەپتۇ ۋە ئىجازەت سوراپ پادىشاھنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاقىۋەت ئىككى ۋەزىر بىرمۇنچە چەۋەندازلارنى ئەگەشتۈرۈپ، كېيىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ خىيالى كېيىك تۇتۇشتا ئەمەس، مۇشۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سول قول ۋەزىرنى كۆزدىن يوقىتىشتا ئىكەن. ئۇلار يىراقلاپ ماڭغانسېرى، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بۇ نىيىتى كۈچىيىپ بېرىپتۇ. ئۇلار جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتسا، تاغ ئارىسىدا بىر جۈپ كېيىك ئوتلاپ يۈرگۈدەك. سول قول ۋەزىر ئوقيانى كېيىككە چەنلەپتۇ، ئوڭ قول ۋەزىر بولسا بىرىراق تۇتۇپ، ئوقيانى سول قول ۋەزىرگە چەنلەپتۇ. سول قول ۋەزىر ئوقنى كېيىككە قارىتىپ ئۈزۈشى بىلەن تەڭلا ئوڭ قول ۋەزىر سول قول ۋەزىرنى ئېتىپتۇ. ئوق سول قول ۋەزىرنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ، مەيدىسىدىن چىقىپتۇ. باتۇر، مەردانە سول قول ۋەزىر شۇ يەردىلا يىقىلىپ جان تەسلىم قىپتۇ. چەۋەندازلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. تاغلارنىڭ ئىچىنى مۇسىبەت قاپلاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر ئۆز قىلمىشىنى يوشۇرۇپ: «مەنمۇ بىر كېيىككە قارىتىپ ئاتقانىدىم. ئوق ئېزىپ كېتىپ سول قول ۋەزىرگە تېگىپ كەتتى. ئامال قانچە، بۇمۇ خۇدادىن

كەلگەن ئەجەل. تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاجىمىز يوق» دەپ، سول قول ۋەزىرنىڭ جەسىتىنى شۇ يەرگە قويغۇزۇپتۇ. ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ، بۇ شۇم خەۋەرنى سول قول ۋەزىرنىڭ ئايالىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ ئايال شۇ چاغدا تۇغۇتتىن ئەمدى قوپقانىكەن. ئايال يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئىلاجسىز داغۇھەسرەتتە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئوڭ قول ۋەزىر پادىشاھنىڭ سەمىگە سالمايلا پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ ئايالنى ئوردىدىن كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. ئايال چەت بىر كوچىدىكى ئەسكى ئۆينى ماكان قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر بۇ ئايالنىڭ بىرەر ئايلىق ئوزۇقى بىلەن بىرەر قۇر ئۆي سايمانلىرىنى بېرىپلا قالغان مۈلۈكلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى بەرمەپتۇ. كېيىنرەك ئوردىدىن بېرىلىدىغان نەپىقىلەرنى توختىتىپ قويۇپتۇ. ئەمما بۇ ئايالنىڭ قولى چېۋەر ئىكەن. يېڭى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل ئېغىرچىلىقلىرىغا تاقابىل تۇرۇپتۇ. كۈنگە ئۈچ يىك يىپ ئېگىرىدىكەن. بىر يىك يىپنى بىر يارماققا سېتىپ، نان، چاي، تۇز ئالىدىكەن، قالغىنىنى بىر خالتىغا سېلىپ يىغىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنى مانا مۇشۇنداق يىپ ئېگىرىپ سېتىش بىلەن ئۆتىدىكەن. يىغلاپ، قاقشاپ يۈرۈپ ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ. ئايال نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئىبرىنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ، بالىسى بىلەن ئەمەك بولۇپ ئۆتىدىكەن.

ئوڭ قول ۋەزىر بولسا، بۇ ئايالنى كۆرۈپ تۇرىدىكەنۇ، ھەر كۈندە ئۆزىنى بىر يوقىتىپ قويىدىكەن. ئۇ ئەنە شۇنداق دەرد ـ ھەسرەت ئىچىدە سەككىز ئاينى ئاران توشقۇزۇپتۇ. تاقىتى تاق بولۇپ سەۋرى تۈگەپتۇ. ئاخىر بۇ گۈزەلنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ ئايالى قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىنى ھەر

يانغا تاشلاپ، شېرىن ئۇيقۇدا يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ: گۆگۈم ۋاقتىدا ئىككى تەرىپى ئېگىز دەرەخزارلىق بىر كوچىدا ئالدىراپ ئۆزى يالغۇز كېلىۋاتقۇدەكمىش. كوچىدا ئۇنىڭدىن بۆلەك بىرەرمۇ ئادەم كۆرۈنمەسمىش. بىردىن ئۇنى سەل سۇر بېسىپتۇ. چېكىلىرىدىن چىپىلداپ تەر چىقىپتۇ. دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن يوغان ھەم يۇڭلۇق ئۈچ يولۋاس سەكرەپلا چىقىپتۇمىش. يولۋاسلار ئۈچ تەرەپتىن ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ خىرىس قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئايال ئارقىسىغا داجىشىغا ئۈچ يولۋاس بىراقلا سەكرەپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ... ئايال «ۋاي» دەپ چىرقىراپ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن بالىسى چۆچۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئايالنىڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىپتۇ. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. ئۆينىڭ تۆت تېمى، بۇلۇڭ ـ تورۇسلىرى كۆزىگە سۇرلۇك، ئەندىشىلىك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپقا نەزەر سالسا، قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپتۇ. بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ ئېسەدەپ كېتىپتۇ. بالىسى ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. شۇ كېچە بۇ غېرىبەتچىلىك باسقان ئۆيدە قىيامەت قايىم بوپتۇ. پەقەت سۈبھى ۋاقتىدا، بالا يىغلاپ ھېرىپ، ئۇنىلىرى بوغۇلۇپ يىغىدىن توختاپتۇ. ئايال يالغۇز ئۆيدە بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، دەھشەتلىك خىياللار ۋەھىمىسى ئاستىدا تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. سەھەردە بەش يارماق بىلەن ئىككى ناننى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ سەدىقە بېرىۋېتەي، دەپ بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. تۇل خوتۇن ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. چاي راسلاپ، ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ۋەزىرنىڭ ئايالى گەپنى باشلاپتۇ. كۆرگەن چۈشىنى ۋە كېچىچە

www.uyghurkitap.com

تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىپتۇ. تۇل خوتۇن ئۇنىڭ گېپىنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاللاھۇ ئەكبەر، يامان چۈش كۆرۈپ قاپسەن، قىزىم. بۇ چۈشۈڭدىن قارىغاندا، قارا نىيەتلىك بىلەن قىلىنغان بىر چوڭ سۇيىقەست جېنىڭغا قاتتىق تېگىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ ۋە ئايالنى ھوشيار بولۇشقا، قورقماسلىققا دەۋەت قىپتۇ. ئايال بولسا ئۆز چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر غەمگە پېتىپتۇ. چۈشىنى ئېيتقىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. قالايمىقان، ئەندىشىلىك پىكىر ـ خىياللار ئىلكىدە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئاشۇ ئېغىر كۆڭلەردىمۇ يىپ ئېگىرىشنى توختاتماپتۇ. بازارغا يىپ ئېگىرىپ ئاچىقىپ سېتىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئالتە يىلىك يىپنى كۆتۈرۈپ بازارغا چىقىپتۇ. يىپ بازىرىغا بېرىپ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرسا، ئوڭ قول ۋەزىر بىر توپ نۆكەرلەر بىلەن ئېتىنى ئوينىتىپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئاز ئۆتمەي ۋەزىر ئۆزى يالغۇز پىيادە مېڭىپ قايتىپ كەپتۇ. بازار ئارىلاپ بۇ ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كەمسىتكەن ۋە بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپتۇ. ئايال ئەدەپ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئات ئۆلگەن بىلەن تاي قالدى، ۋەزىرىم، جان باقماق ئۈچۈن ئوقەت قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئېگىشىپ يىپنى قولىغا ئاپتۇ. دەڭسەپ كۆرۈپ:

— بىر يىلىك يىپىڭىز نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر يارماق، تەقسىر.

— باشقىلاردىن قىممەت سېتىپسىز، شۇنداقتىمۇ مەيلى، مەن

ئالدىم. پۇلىڭىزنى ئەتىگەنلىككە ئۆيدىن ئېلىڭ، — دەپ ئالتە يىلىك يىپىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئايال بولسا يا لام، يا جىم دېيەلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاپتۇ.

ئايال ئەتىسى سەھەر تۇرۇپتۇ. بالا ئويغانغۇچە ۋەزىردىكى پۇلنى ئەپكېلىۋالاي، دېگەن ئوي بىلەن ئىشىكنى تاقاپتۇ ـ دە، بالىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۆزى ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىنانىڭ بالىخانىسىدا سۇمبۇل چاچ ئايالنىڭ كىرىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ۋەزىرنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قاپتۇ. كۆزى لاپ قىلىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئايالغا چۈشۈپتۇ. دەرھال ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئايال ئۇدۇل ۋەزىرنىڭ خانىسىغا كىرىپتۇ. ۋەزىر نەچچە قەۋەت كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايالنى قوبۇل قىپتۇ ۋە يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن ئايال پەگادىلا ئولتۇرۇپ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمما ۋەزىر نۇرغۇن قۇرۇق تەكەللۇپلاردىن كېيىن راست گېپىگە چۈشۈپ:

— سىز مېنىڭ تارتىۋاتقان دەردىمنى بىلمەيۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيدىكەنمەن. سىلىنىڭ دەردلىرى مېنىڭ دەردىمگە ياماقمۇ بولالماس، — دەپتۇ ئايال ئاچچىقلاپ.

— دۇرۇس، — دەپتۇ ۋەزىر، — بالدۇرراق شۇنداق دېگەن بولسىڭىز، مەنمۇ كۆيۈك ئوتىدا مۇنچىۋالا پۇچۇلانماس ئىدىم. دەردىڭىزگە دەرمان بولاتتىم ئەمەسمۇ.

ئايال ئاچچىقلىنىپ قايىقىنى تۇرۇپتۇ:

— مەن ئۆزۈم ئېگىرگەن يىپنىڭ پۇلىنى ئالغىلى كەلدىم.

بىرىۋەتسىلە، ئاستا كېتىۋالاي. ئۆيدە بالام يالغۇز قالدى، ــــ دەپتۇ.
ــــ كېتىۋالاي؟! نەگە كېتىسەن؟ ــــ ۋەزىرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەھەرلىك ھىجىيىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ، ــــ ئېرىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەرنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەندۇ؟ ئەر قەدرى ئۆتۈلسۇن دەپ سېنى ئاشۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويدۇم. ئەمدى ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولساق قانداق دەيسەن؟
ــــ تەقسىر، بۇ قانداق گەپ؟ سول قول ۋەزىرلىرى دۇنيادىن ئۆتكىلى بىر يىلمۇ بولمىدى. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئورۇنسىز گەپنى قىلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟!
ــــ مېنىڭدەك ئادەمنى تاپمىقىڭ قىيىن. قوينۇڭنى كۆك ياغاق بىلەن تولدۇرماي ئارقا ـ ئالدىڭنى ئوبدان ئويلان!
ــــ بۇ گەپنى ئويلىغۇچىلىكىممۇ يوق، ئاۋارە بولمىسىلا.
ۋەزىر ئايالنى گەپ بىلەن ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، يامان نىيىتىنى زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇپ ئايالغا تاشلىنىپتۇ. ئايال بولسا پاك ۋىجدانىنى قوغداش يولىدا قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئايال جان ئاچچىقىدا يانچۇقىدىكى قەلەمتىراچنى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا ئۇرۇپتىكەن، قان ئۇرغۇپ چىقىپتۇ. ۋەزىر «ۋاي» دەپ ۋارقىراپ قولىنى تۇتۇشى بىلەن ئايال ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ، تالاغا چىقىۋاپتۇ. ۋەزىر جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، مۇلازىملىرىنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار خوتۇننى قورشاپ تۇتۇۋاپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئايالنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا كويزا ـ كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئايال زىنداندا يېتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان بالىسىنى ئەسلەپتۇ. كۆكسىگە

سۇت يىغىلىپ بارغانچە قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئازاب ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. بويى قىزىپ، تىترەك ئولىشىپ، بەدىنىگە مىڭلىغان يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ياشلىرى تۆكۈلگەن ھالدا تالاغا تۆت كۆزى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۆيدە قالغان بالا بولسا ئويغىنىپ ئاپىسىنى ئىزدەپتۇ. ئىشىككە تەلمۈرۈپ «ئانا» دەپ توۋلاپتۇ. ئانىسى كىرمىگەندىن كېيىن ئۆملەپ بوسۇغىنىڭ تۇۋىگە كەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ «نان» دەپ يىغلاپتۇ. يىغلاۋېرىپ ئۈنى بوغۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇيقۇسى كېلىپ، تۇگۈلگەن پېتى بوسۇغىنىڭ تۇۋىدە يېتىپ ئۇخلاپتۇ. ۋەزىر ئايالدىن زەربە يەپ، قان چىقىپ تۇرغان قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— داد، پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ.

— خۇش، سىزگە نېمە دەرد كەلدى، ئېيتىڭ؟ — دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— سول قول ۋەزىر قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر، — ئۇنىڭ ئايالى ھەر خىل كويلاردا يۈرۈپ، بىر پاھىشە بولۇپ كەتتى. ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە كۆپ نەسىھەت بەردىم، ئاڭلىمىدى. داۋاملىق جانابلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، شانۇ شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان ئىش بىلەن مەشغۇل بولدى. يامان نىيەتلىك ئادەملەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ماڭا قەست قىلدى. كېچىدە ھۇزۇرۇمغا بېسىپ كىرىپ، مانا بۇ قولۇمغا پىچاق سالدى. ھېلىمۇ ياخشى، خۇدا مېنى بۇ بالادىن بىر ساقلىدى. بولمىسا، شۇ ئايالنىڭ زەربىسىدە قۇربان بولار ئىدىم. بۇ نېمىدېگەن ھەددىدىن ئاشقانلىق، نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك...

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپكە كەپتۇ. ئايالغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ شەھەردە جازا تارتىلغانلارنى دومىلىتىپ ئۆلتۈرىدىغان بىر ئېگىز تاغ بار ئىكەن. جاكارچىلار كوچا ـ كوچىلاردا سول قول ۋەزىرنىڭ ئايالغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلاپ، خالايىقنى «جازا تېغى»غا ھەيدەپ مېڭىپتۇ. ئايال پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىنغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا مېڭىپ كېتىۋاتقاندا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق ـ سانجاق تۇرغان شەھەر خەلقى ئارىسىدىن: «بۇ بىچارىگە بىگۇناھ ھۆكۈم قىلىدى. ئۇۋال بولدى»، «بۇ سەۋر ـ تاقەتلىك ئايال ئىدى، ئەجەب بوپتۇ» دېگەن سۆز ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئايال پۇتلىشىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ تاغقا چىقىشقا باشلاپتۇ. تاغنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەن چاغدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پادىشاھقا تەلمۈرۈپ قاراپ:

ـــ داد، پادىشاھىئالەم، بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، ـــ دەپ توۋلاپتۇ.

ـــ ھە، گېپىڭنى ئېيتىۋال، ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

ـــ تېخى يېشىغا توشمىغان بالام بار ئىدى، ئۇ ئۆيدە قالدى. ئىجازەت بولسا مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇ بالامنى بىر كۆرۈۋالسام، ـــ دەپتۇ ئايال.

پادىشاھ ئايالغا ئىجازەت بېرىپتۇ. بىراق تېزدىن قايتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئايالنىڭ پۇت ـ قولىنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئايال ياغلىقىنى چىگىپتۇ. تاغدىن پەسكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇقتەك ئۇچۇپ كەلگەن پېتى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئېتىلىپ كىرىپتۇ. قارىسا بالىسى كۆرۈنمەپتۇ، ئۇياقنى ئاختۇرۇپتۇ، بۇياقنى ئاختۇرۇپتۇ، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، ئىككى قولى بىلەن

بېشىنى قىسىپ، تۆشلۈكتىن كۆك ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. پۇتلىرىدا ماغدۇر قالماي لاسىدە بوشىشىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئوق قولى ئىشىك ئارقىسىدىكى ئازگالدا ياتقان بالىسىنىڭ ئىسسىق بەدىنىگە تېگىپتۇ. ئايالغا بىردىن جان كىرىپتۇ. ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىھوش ياتقان بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ يۈرۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. بالا كۆزىنى ئاچقاندا ئانىنىڭمۇ كۆڭلى يورۇپتۇ. ئەندىشىسى كۆتۈرۈلۈپ، سەل يېنىكلەپتۇ. بالىسىنى ئېمىتىپ بولۇپ قارىسا، يىغقان پۇللىرى يېرىم خالتا بولۇپ قالغانىكەن، ئۇنى ئاپتۇ، بالىسىنى كۆتۈرۈپتۇ. جازا تېغى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، بالىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا جازا مەيدانىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىجازەت بولسا ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئىجازەت، — دەپتۇ يەنە پادىشاھ.

— بىرسى، مۇشۇ نارەسىدە، بەختسىز ئوغلۇمنى قوشنامغا تاپشۇرۇپ بەرسە، يەنە بىرسى، ھالال ئەمگىكىم بىلەن يىغقان يېرىم خالتا يارمىقىم بار ئىدى، شۇنى خالايىققا سەدىقە قىلىۋالسام.

پادىشاھ رۇخسەت قىپتۇ. ئايال بالىسىنى قوشنىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. لېكىن بالا ئانىسىغا چىڭ چاپلىشىۋېلىپ، چىرقىراپ يىغلاپ ئاجرىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئانا ـ بالىنىڭ نالىسى جىمى ئادەمنى يىغلىتىپ تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ زارىغا تەبىئەتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، كىرپىكىدىن كۈمۈش رەڭلىك ياش ئاغدۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ سەل تەسىرلىنىپتۇ، ئەمما: چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بىكار قىلسام نامەردلىك بولۇپ، شەنىمگە داغ تېگىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

لېكىن، ئوق قول ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بالىنى ئانىنىڭ

باغرىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ، ئايالنىڭ قوشنىسىغا ئارسلاننى تاشلىغاندەك تاشلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن ياساۋۇللار ئايالنى يالاپ «جازا تېغى»نىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپتۇ. ئايال تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ھېلىقى يىغقان يارماقلىرىنى خەلققە قارىتىپ چېچىپتۇ. يارماق كۈمۈش تامچىلار بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. خەلق بۆلۈشۈۋېلىپ ئايالغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە دۇئا ئوقۇپتۇ. جاللاتلار ئايالنىڭ پۇتنى باغلاپتۇ. چەمبەرچاس باغلانغاندىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر كېلىپ، ئايالغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بەغەرەز خوتۇن، شۇنى بىلىپ قويكى، بەگ بىلەن ئېلىشىپ بولمايدىغان، باتۇر بىلەن چېلىشىپ. سەن جاھىللىق قىلماي، ماڭا تەگسەڭ، مۇشۇ دەرد ـ بالامۇ يوق ئىدى. مانا ئەمدى تېرەڭدە داپ كېرىپ، ئۈستىخىنىڭدا ساپ ياسايمەن، — دەپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن تىك تاغ چوققىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپتۇ. لېكىن كۆپچىلىكە بەرگەن سەدىقىنىڭ ساۋابىدىنمۇ ياكى بۇ ئىشنىڭ ناھەق بولغانلىقىدىنمۇ ئايال يەرگە ساق ـ سالامەت چۈشۈپتۇ. بىرەر جايىمۇ زەخىملەنمەپتۇ. «ئايال يەرگە چۈشۈپتۇ، بىراق ئۆلمەپتۇ» دېگەن خەۋەر شۇ ھامان پادىشاھقا يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ «بۇ قانداق ھېكمەت؟» دەپ ئۆزى تاغ ياقىسىغا مېڭىپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئايال تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغۇدەك. شاھ بۇ خاسىيەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر يەنە قۇتراشقا باشلاپتۇ. لېكىن شاھ ئايالنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. ئايالنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىشنى جاكارلاپتۇ. ئايال بالىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. كىشىلەر تارقاپتۇ، پادىشاھ مەيگە چۈشۈپ ئوردىغا قايتىپتۇ. لېكىن، بۇ ئاجايىپ ئىش ئۇنىڭ

ۋۇجۇدىنى چىرمىۋاپتۇ. كېلىۋېتىپ بۇ ئايالنىڭ ئوردىغا كىرمەي، باشقا ياققا كەتكىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ شۇ كۇنگىچە بۇ ئايالنى ئوردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، دەپ يۈرگەنىكەن، ئوردىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. شۇڭلاشقا باشقىلاردىن:

— بۇ ئايال نەگە باردۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باردۇ، — دەپتۇ باشقىلار. شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەيدىن چۈشۈپتۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئايال ماڭغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ بىر چەت خالتا كوچىدىكى تاملىرى قىڭغىيىپ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئەسكى ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئايالنىڭ كەينىدىن كىرىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئىچىنى سەپسېلىپ كۆزىتىپتۇ. بۇ يەردە سول قول ۋەزىرنىڭ ۋاقتىدىكى بىساتلاردىن بىرىمۇ يوق ئىكەن. پەقەت ئەسكى پالاس، پۇچۇق قازان، بىر كىشىلىك يوتقان ـ كۆرپىلا بار ئىكەن، ئايال بولسا بالىسىنى قۇچاقلاپ سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئايالدىن سوراپتۇ:

— سېنىڭ ئۆيۈك ئوردىنىڭ ئىچىدە ئىدى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— شۇنداق، پادىشاھىئالەم. بۇ ئىشلاردىن جانابلىرىنىڭ خەۋىرى يوق. ۋەزىر قازا قىلىپ بىرەر ئايدىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىرلىرى مېنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ قويغان، — ئايال گەپنى شۇنداق باشلاپ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئۆز ئېرىگە قانداق سۇيىقەست قىلغانلىقى، ئۆزىنى ئالىمەن دەپ زورلۇق ئىشلەتكەنلىكى، جان بېقىش ئۈچۈن يىپ ساتقانلىقى ۋە دەھشەتلىك چۈشلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى يىغلاپ تۇرۇپ نامايان قىپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپ چىداپ

تۇرالماپتۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورايمەن، دەپ زالىملىق قىپتىمەن ـ دە!» دەپتۇ. شۇ كۈنى ئايالنى ئوردىدىكى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چىقىپ، جاللاتلار ھايال ئۆتكۈزمەي ئوك قول ۋەزىرنى تۇتۇپ ئەكەپتۇ. ئوك قول ۋەزىرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ پەرمان پۈتكۈل شەھەرگە جاكارلىنىپتۇ. جاللاتلار ئوك قول ۋەزىرنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ جازا مەيدانىغا ھەيدەپ كەپتۇ. ۋەزىرگە خەلقنىڭ نەپرىتى قار ـ يامغۇر بولۇپ يېغىپتۇ.

پادىشاھ ئوك قول ۋەزىرنى تاغدىن دومىلىتىشقا ھېلىقى ئايالنى تەيىنلەپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنى تىك چوققىغا ئاچىقىپ تۇرغۇزۇپتۇ. ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي ۋىجدانسىز، جاڭگالدىكى بۆرە چېغىدا ئۆز جىنسىغا قەست قىلمايدۇ، سەن بۆرىدىنمۇ رەھىمسىز ئىكەنسەن. سەن ماڭا قىلمىدىڭ، ئاقىۋەت، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ. ماڭا كولىغان ئورىغا ئۆزۈڭ چۈشتۈڭ. مانا ئەمدى خەلقئالەم سېنىڭ رەسۋاچىلىقىڭنى كۆردى. سەندەك قارا نىيەتتىن بىرى يوقالسا، جاھاندا يامانلاردىن بىرى كېمىيىدۇ، يوقال! — دەپ تاغدىن دومىلىتىۋېتىپتۇ. ۋەزىر يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە لەختە ـ لەختە بولۇپ كېتىپتۇ. خەلق بۇنىڭدىن قارا نىيەتلىك كىشىنىڭ ھامان كۈكۈم ـ تالقان بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھمۇ جىمى ئەسكىلىكنى ئۆز ۋەزىرى قىلغانلىقىنى، گۇناھنىڭ ۋەزىردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىرىپ ئايالدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئايال پادىشاھنىڭ ۋە پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەر بوپتۇ. ئابرۇي ـ ئىناۋىتى يۇز ھەسسىلەپ كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنى سول قول ۋەزىرلىككە تەكلىپ

قىپتۇ. ئەمما ئايال پادىشاھنىڭ بۇ ھىممەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. ئاخىر رۇخسەت ئاپتۇ. بۇ ئەلنىڭ خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، «بۇ ئەلدە سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇمدا ئۇلتاڭ بولاي» دەپ، بالىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول» دېگەن بۇ ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن①.

## يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار

بۇرۇنقى زاماندا بىر قورايچى بوۋاي بولغانىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ناھايىتى جاۋۇلداق، مەرەز ئىكەن. تولا ئۇرۇشۇپ، كەلسە ـ كەلمەس تىللاۋېرىپ، بوۋايغا كۈن بەرمەيدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي قورايلىقتىن كەچ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كېلىشى ھامان ئايالى: «سېنىڭ شۇ يەردە بىر نېمەڭ بار، بولمىسا نېمىگە كەچ قالدىڭ!» دەپ كۈنلەپ غوۋغا چىقىرىپتۇ. بۇ ئىش ھېرىپ كەتكەن بوۋايغا ناھايىتى ھار كەپتۇ. ئەتىسى ئايال بوۋاي بىلەن قورايلىقنى تەكشۈرگىلى بىللە بېرىپتۇ. ئۇ قېلىن قورايلىقنى ئاختۇرىمەن دەپ، بىر چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي يامان خوتۇندىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بوپتۇ، لېكىن يەنە «يامان بولسىمۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆي ـ ئوچاق بولغاندۇققۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ قۇدۇققا ئارغامچا ساپتۇ. ئارغامچىغا يامىشىپ مومايىنىڭ ئورنىغا بەزگەك جىن چىقىپتۇ.

① «تۇرپان خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.

— هوي، سەن نېمىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن بەزگەك جىن ئىدىم، بۇ قۇدۇق مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق ماكانىم ئىدى، بۈگۈن بىر جاۋۇلداق قېرى خوتۇن چۈشۈپ، ماڭا ئارام بەرمىدى، سەن ئارغامچا تاشلىمىساڭ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويياتتى، قۇتۇلدۇرغىنىڭغا رەھمەت! مەن سېنى ئارمىنىڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ بەزگەك جىنى.

— قانداق قىلىپ، سەن مېنى ئارمىنىمغا يەتكۈزەلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن يۇرتىڭ ئۇلۇغىغا بېرىپ چاپلىشىمەن، — دەپتۇ بەزگەك جىنى، — ئۇ دەررۇ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، سەن ئۇنى ساقايتىدىغان تېۋىپ بولىسەن، سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «ئايەتەلكۇرسى» (ئايەتۇلكۇرسى — قۇرئاندىكى بىر ئايەت)نى ئوقۇيسەن، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن ئاجراپ باشقىسىغا يۇقىمەن. ساقايغۇچى بولسا ساڭا نۇرغۇن ھەق تۆلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ باي بولۇۋالىسەن. ئوتۇنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن نېرى بولىسەن، — دەپتۇ.

بۇ ئەقىل ئوتۇنچى بوۋايغا مايدەك يېقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رازىلىق بېرىپ، خوتۇننى قۇدۇقتا قالدۇرۇپ، جىن بىلەن كېتىپتۇ. كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بوۋاي نۇرغۇن بەزگەكلەرنى ساقايتىپ، باي بولۇپ كېتىپتۇ، شۇ چاغدا جىن بوۋايغا:

— ھەي بوۋاي، سەن ئەمدى باي بولدۇڭ، تۇرمۇشۇڭ ياخشىلاندى، ئەمدى مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا ئوقەتمىنى قىلسام، سەن ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي رازىلىق بېرىپ، ئىككىسى خوشلىشىپ، ياخشىلىقچە

ئاجرىشىپتۇ. جىن ياقا يۇرتقا بېرىپ، يۇرت چوڭىغا يۇقۇپتۇ. يۇرت چوڭى ئىلاج قىلىپمۇ ساقىيالمىغاندىن كېيىن، بەزگەكنى ساقايتىشقا داڭقى چىققان ھېلىقى بوۋاينى چاقىرتىپ كەپتۇ. بوۋاي يۇرت چوڭىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ھېلىقى بەزگەك جىنىنىڭ يۇرت چوڭىغا چاپلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ. ۋەدىسىنى بۇزۇپ كەلگەن بوۋاينى كۆرگەن جىن بوۋايغا رەنجىپ:

— قېنى ۋەدە؟ ئىككىمىز ۋەدە قىلغانغۇ، ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا كۈن كۆرمەك بولغانغۇ، — دەپ كايىپتۇ.

— كايىما، — دەپتۇ بوۋاي.

— ۋەدىمىز بويىچە سەن مەن چاپلاشقان ئادەمنى ساقايتىشقا كەلمەس بولغاندىڭغۇ؟ — دەپ جىن قۇيقا چاچلىرىنى تىك قىپتۇ.

— توختا، سەۋر قىل، مەن بۇنى ساقايتقىلى كەلمىدىم، سېنى ئىزدەپ كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— مەندە نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپتۇ جىن.

— ئېسىڭدە بارمۇ، ھېلىقى يامان خوتۇنمۇ قۇدۇقتىن چىقىۋاپتۇ. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە سېنى تۇتۇپ بەر، دەپ مېنى قىيناپ چىقتى. سېنى تۇتۇپ بەرمىسەم، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

بەزگەك جىن ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ بوۋايغا:

— خۇدا ھەققىدە، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، مېنى ئۇ خوتۇنغا تۇتۇپ بەرمە، ھەرقانداق بەزگەكنىڭ قولىنى سىيپاپلا قويساڭ، دەررۇ ساقىيىدۇ، سەن بەزگەك تېۋىپى بولۇپ قال، مەن يامان خوتۇنۇڭدىن قۇتۇلاي، — دەپ بوۋاينىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ياقا يۇرتنىڭ چوڭ**ش**نىڭ قولىنى سىيپاپ قويۇپلا ساقايتىپتۇ. بەزگەك جىنى بارسا كەلمەس شەھەرگە كېتىش ئۈچۈن، ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا، بوۋاي ئۇنىڭغا:

—— ھەي، يامان خوتۇنۇم كېلىۋاتىدۇ! —— دەپتىكەن، بەزگەك جىنى يار تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ.

«يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قاپتىكەن[1].

## راست ئېيتقان قۇتۇلىدۇ، يالغان ئېيتقان تۇتۇلىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر بايۋەچچە ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مال ـ دۇنيانى يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىپ، جان بېقىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي ئاخىر باشقىلارغا مەدىكار بولۇپ ئىشلەش ئۈچۈن مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. لېكىن ھېچكىم ئۇنى ئىشقا ئالماپتۇ. ئۇ شۇ ئەھۋالدا يۈرۈپ، بىر جۈمە كۈنى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە مېڭىپتۇ. يولدا تەرتى قىستاپ كېتىپ، بىر ئەسكى تاملىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەرەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، تامنىڭ كامىرىغا تىقىپ قويۇلغان قىرىق تىللاغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. بايۋەچچە خۇشاللىقىدا: «يا ئاللا، خۇدا نەق بەردى ماڭا، نەچچە كۈنلەردىن بېرى كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى، ئەمدىغۇ باشقىلارنى ئۆزۈمگە خوش دېگۈزەرمەن» دېگىنىچە مەسچىت ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە «مال ـ دۇنيا بىلەن ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ، مەسچىت ئالدىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان بىر قارىغۇغا:

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (3)» دىن ئېلىندى.

— مەن ناماز ئوقۇغىلى كىرىمەن، مانا بۇ قىرىق تىللانى سىلىگە ئامانەت بېرەي، نامازنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تاپشۇرۇۋالىمەن، — دەپ تىللالارنى بېرىپ كىرىپ كېتىپتۇ. بايۋەچچە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ھېلىقى قارىغۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاكا ھېلىقى پۇلۇمنى ئەمدى بەرسىلە، — دېگەنىكەن، قارىغۇ ئۆكتەملىك بىلەن:

— سەن قاچان ماڭا پۇل بەردىڭ، مۇشۇنچىلا ئادەم بار يەردە مېنى بۇلىماقچىمۇ؟ ھۇ مۇتتەھەم! — دەپ بايۋەچچىنى ھاقارەتلەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى جامائەت ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي: «راست ئەمەسمۇ، قاراپ تۇرۇپ بۇ قارىغۇ تىلەمچىدىن پۇلۇمنى بەر دېسە، خۇددى ئورۇق مۇشۇكتىن بەز تىلىگەندەك بىر ئىش بولمامدۇ. ئۆزىگە قارىسا بىر كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، قاراپ تۇرۇپ بۇ قارىغۇغا ئۇسۇۋاتقىنىنى!» دېيىشىپ قارىغۇنىڭ گېپىنى راستقا چىقىرىپ غوۋغانى بېسىقتۇرۇپ قويۇپتۇ.

تىللادىن ئايرىلغان بايۋەچچە جان ئاچچىقىدا بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ بىر گۇمبەزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى قارىغۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ: «ئۆمرۈمدە بۇنداق جىق پۇلنى كۆرمەپتىكەنمەن، خۇدا بەرگەن بۇ پۇلنى كۆزۈم كۆرمىسىمۇ راسا بىر ئوينىۋالاي» دەپ خالتىنى سېلىپ، ئاسمانغا ئېتىپ ئويىنىغىلى تۇرۇپتۇ. تىللانى ئېلىۋېلىشنىڭ ئەپچىل پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن بايۋەچچە دەرھال قارىغۇغا تۇيدۇرماستىن گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، خالتىدىكى پۇلنى كاپپىدە تۇتۇۋاپتۇ - دە، يانچۇقىغا ساپتۇ. قارىغۇ پۇلنى ئاندا سىلاشتۇرۇپ، مۇندا سىلاشتۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن

ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ ئولتۇرغاندا، يەنە بىر قارىغۇ كىرىپ:

— هەي ئاداش، نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن:

— هوي، مېنىڭ تەلپىكىمنىڭ ئىچىدە يۈز تىللا بار ئىدى، بارمۇ - يوق بىر قاراپ باقاي! — دەپ سىلاشتۇرۇپ تەلپەكنى ئاپتۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە بايۋەچچە دەرھال ئۇنىمۇ ئېلىۋاپتۇ. ئىككى قارىغۇ ئۆز پۇللىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ ئۇرۇشۇۋاتقاندا ئۈچىنچى قارىغۇ كىرىپ كەپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، «مېنىڭمۇ ئىككى يۈز تىللا پۇلۇم بار ئىدى، بىر قاراپ باقاي» دەپ ئالغانىكەن، ئۇنىمۇ بايۋەچچە ئەپلەپ ئېلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ قارىغۇ ئۆزئارا سوقۇشۇپتۇ. ئاخىرىدا قارىغۇلاردىن بىرى:

— ئاغىنىلەر، توختاڭلار، بىز ھەممىمىز جان - جىگەر ئاغىنىلەرمىز، پۇلنى ھېچقايسىمىز ئېلىۋالمىدۇق، گۇمبەزنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئادەم بولۇشى مۇمكىن، بىرىمىز گۇمبەزنىڭ ئىشىكىنى باقايلى، ئىككىمىز گۇمبەزنىڭ ئىچىنى ئاختۇرايلى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بايۋەچچە دەرھال تىكىۋېتىپتۇ. ئۈچ قارىغۇ بولسا ئۆزئارا پۇشايمان قىلىشىپ، داد - پەرياد چېكىشىپ، گۇمبەزنىڭ ئىچىدە خۇداغا نالە قىلىپ قاپتۇ.

بايۋەچچە شۇ قاچقانچە باشقا يۇرتقا بېرىپ ئۈچ يۈز قىرىق تىللا پۇل بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىپ باي بولۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاي ۋە يىللار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايۋەچچە ھېلىقى ئۈچ قارىغۇنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ: مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالغانىدىم، مانا ئەمدى مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ رازى قىلمىسام، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ماڭىمۇ ياخشى كۈن يوق دەپ

ئويلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپ ئۈچ قارىغۇنى تېپىپ كەپتۇ.

بايۋەچچە ئۇلارغا تونۇشلۇق بەرمەي تۈرلۈك ھەرخىل نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، ھۇزۇرىدا بىرقانچە كۈن تۇرغۇزۇپتۇ. ئاخىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن سېمىز قويلارنى سويۇپ پولۇ ئېتىپ ئالدىغا قويۇپتۇ. گۆشنى پارچىلاپ يېيىش ئۈچۈن ھەربىرىگە بىردىن پىچاق بېرىپتۇ، لېكىن قارىغۇلاردىن بىرى: «گۆشنى مەن پارچىلاپ بېرەي» دەپ پىچاقنى قولىغا ئالغاندا پىچاق قاڭقىپ كېتىپ، ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان قارىغۇنىڭ قورساقىغا كىرىپ كېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. سول يېنىدا ئولتۇرغان قارىغۇ: «گۆشنى مۇنداق پارچىلايدىغان» دەپ قولىغا پىچاق ئالغانىكەن، باشتا گۆش پارچىلىغان قارىغۇ «دوستىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان بولدى» دەپ پىچاق كۆتۈرۈپتۇ، بۇ ئىككى قارىغۇ بىر ـ بىرىگە پىچاق سېلىپ تەڭلا ئۆلۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بايۋەچچە ئۆيگە كىرگۈدەك بولسا ئۈچ قارىغۇ قانغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان بايۋەچچە ئويلا ـ ئويلا ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپ بازارغا چىقىپتۇ ۋە بىر مەدىكارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

—— مېنىڭ بىر مۇھىم ئىشىم بار، لېكىن ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقماق تەس، ئەگەر سەن ئۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالىساڭ، نېمىنى تەلەپ قىلساڭ شۇنى بېرەتتىم، —— دەپتۇ. مەدىكارمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە بايۋەچچىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن بايۋەچچە:

—— مېنىڭ بۇ ئىشىمنى كۈندۈزى قىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت كېچىسىلا قىلىمىز، —— دەپتۇ. مەدىكار بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپتۇ. كەچ

كىرگەندە بايۋەچچە ھېلىقى ئۈچ قارىغۇنىڭ بىرىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم بولىدۇ، بۇنى مېھمان قىلىپ يولغا سالغانىدىم، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئېشەكتىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى يەرلىككە قويۇپ بەرسەڭ، بىراق پۇختا كۆمسەڭ ئەتىلا قېچىپ كېلىپ ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ تىرىك ۋاقتىدا ناھايىتى يامان ئادەم ئىدى، — دەپتۇ. مەدىكار ئۇنى شۇ كېچىسى يىراق بىر جايدىكى گۆرىستانلىققا كۆمۈپتۇ. ئەتىسى مەدىكار پۇلىنى ئالغىلى كەلگەندە، بايۋەچچە ئۇنىڭغا:

— مەن ساڭا «ئۆلۈكنى چىڭ كۆم» دېسەم، دېگەندەك قىلماپسەن، ئۇ ئۆيگە قېچىپ كەلدى، — دەپ ئىككىنچى قارىغۇنى يۇدۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى بايۋەچچە يەنە ھېلىقى مەدىكارغا:

— مەن ساڭا شۇنداق تاپىلىغانىدىم، ئۆلۈكنى نېمىشقا پۇختا كۆممىدىڭ، ئۇ يەنە قېچىپ كەلدى. ئەگەر بۇ نۆۋەت بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن تولۇق چىقالمايدىغان بولساڭ، ھەققىڭنى بەرمىگەندىن سىرت جازالايمەن، — دەپ ئۈچىنچى قارىغۇنىڭ جەسىتىنى يۇدۇتۇپ قويۇپتۇ. مەدىكار جان ئاچچىقىدا «بۇ ھەقىقەتەن يامان ئوغرى ئىكەن، مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق يامان ئادەمنى كۆرمىگەنىكەنمەن، بۇنى چوڭ دەرياغا تاشلىۋېتەي» دەپ دەرياغا تاشلاپتۇ. ئۇ ئەمدىلا كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشىغا دەريادىن بىرىنىڭ ئاللا ـ تۇۋىسى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ چاغدا مەدىكار ھېلىقى ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرگەن ئادەمگە ئېسىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنى يەنە دەريا تەرەپكە سۆرەپ:

— مەن سېنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇدۇپ ئەكەلدىم. ئەمدىغۇ مەندىن قۇتۇلالمايسەن، زادى سەندە قانداق خىسلەت بار؟ — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم قورققىنىدىن:

— مەن مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى بولىمەن. خۇپتەن ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا بۇ يەرگە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. تاھارەت ئېلىۋاتسام، بىر ئادەمنىڭ سۇغا جەسەتنى تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن قاچقانىدىم، — دەپتۇ. لېكىن مەدىكار يەنىلا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ غوۋغانى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى كىشىلەر توپلىشىپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى مەدىكاردىن بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ سوراپتىكەن، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قازى دەرھال لەشكەر ئەۋەتىپ بايۋەچچىنى تۇتۇپ كەپتۇ. بايۋەچچىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. قازى بۇنىڭغا قايىل بولۇپ:

— سەن ھەقىقەتەن راست گەپ قىلىدىغان كىشى ئىكەنسەن. ئەگەر يالغان سۆزلەپ سىرىڭنى يوشۇرغان بولساڭ، جازاغا تارتاتتىم. شۇڭا سېنى بۇ گۇناھتىن ساقىت قىلدىم، — دەپ يولغا ساپتۇ. «راست ئېيتقان قۇتۇلىدۇ، يالغان ئېيتقان تۇتۇلىدۇ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

## چاقنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى

بۇرۇن يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ خۇش چىراي، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ناھەق ئىشقا چىداپ تۇرالمايدىغان يىگىت ئىكەن.

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (12) دىن ئېلىندى.

يۇسۇپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە، يىراق يۇرتتىكى خاسىيەت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىپتۇ ۋە ناھايىتى ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇسۇپ خاسىيەتنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. يۇسۇپ تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى ئىچكىرىكى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان خاسىيەتنىڭ يېنىغا كىرىپ، — ئېرىڭ قانداقراق كەن، قاملىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ناھايىتى شوخ، مۇلايىم، ئوبدان ئادەم ئىكەن، راسا ئوبدان قاملىشىپ قالدۇق.

— ئەخمەق، — دەپتۇ ئانىسى خاسىيەتنىڭ سۆزىدىن نارازى بولۇپ، — قاملىشىپ قالغان بىلەن ھېساب ئەمەس، ئەر كىشى دېگەننى خوتۇن كىشىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان قىلىپ بويسۇندۇرغان ھېساب. ئەر كىشىنى بارغۇ، خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ «قولۇمغا سۇ قۇيۇۋېتىڭ، ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ» دەپ ئىشقا بۇيرۇغۇلۇق. ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاننى قىلىپ «كارت - كۇرت» ئوسۇرۇپ قويغۇلۇق، شۇنداق قىلساڭ، بارا - بارا ساڭا بويسۇنىدىغان بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ يۇسۇپنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ. قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرىڭ، ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ دېسىغۇ ئۇ ئىشلارنى قىلىۋېتەرمەن. ئەگەر يېنىمدا تۇرۇپ مېنى كۆزگە ئىلماي ئوسۇرىدىغان بولسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆزىگە كۆرسىتەرمەن، يۇسۇپ شۇلارنى ئويلاپتۇ - يۇ، لېكىن ھەرگىز چاندۇرماپتۇ...

قايتىپ يولدا كېلىۋاتقاندا، خوتۇنى مىنىپ كېلىۋاتقان ئېشەك

ھاگرىيالماي ئىككى - ئۇچىنى ئۇسۇرۇپ قويۇپتۇ. يۇسۇپ دەرھال خوتۇننى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ - دە، ئېشەكنى بىر تۈپ سۆگەتكە مەزمۇت باغلاپتۇ.

— ھۇ يۇزى قېلىن. مەن سېنى كۇندە ئۇت، سۇ، يەم - بوغۇز بېرىپ بېقىۋاتسام، مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋېتىپ، مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئوسۇرغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ كالتەك بىلەن ئېشەكنى بىر ھازا دۇمبالاپتۇ.

ئېشەكنى قاتتىق ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن خاسىيەت قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۆيگە بارغۇچە بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز قىلماپتۇ...

— قانداق، ئېرىڭنى ئىشقا بۇيرۇپ باقتىڭمۇ؟ ئانچە - مۇنچە ئوسۇرۇپمۇ قويدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى خاسىيەت يەنە بىر قېتىم ئۆيگە كەلگەندە.

— ۋاي ئانا، — دەپتۇ خاسىيەت ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، — ئۆتكەن قېتىم ئۆيگە قايتىشىمىزدا، ئېشەك ھاگرىيالماي بىر - ئىككىنى ئوسۇرۇپ قويۇۋىدى، «مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ» دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئاز قالدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئوسۇرۇپ قويىدىغان بولسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىكەن. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر.

مانا شۇ ئاجايىپ تەنبىھتىن كېيىن خاسىيەت ئانىسىنىڭ گېپىگىمۇ كىرمەي، ئېرىنى ھۆرمەتلەپ ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «چاقنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

---

[1] «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (11) دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

## ھەممە ئىشقا پەم كېرەك، توخۇغىمۇ يەم كېرەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا تارىم بويىدا تىكەنلىك (لوپنۇر ناھىيىسىگە تەۋە بىر قەدىمىي يۇرتنىڭ نامى) دېگەن بىر قەدىمىي مەھەللە بار ئىكەن، ئەنە شۇ مەھەللىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولغانىكەن:

بۇ يېزىدا سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن بىر دېھقان بولغانىكەن. ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، پۇتى توكۇر ئىكەن، شۇڭا ئۇنى باشقىلار «سۇپۇرگە توكۇر» دەپ ئاتايدىكەن. يىللار ئۆتۈپ بىر يىلى سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ قوغۇن تېرىغۇسى كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەللىك مودەك يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىپتۇ. ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەي راسا ئىشلەپتۇ. قوغۇن - تاۋۇزلارمۇ راسا ئۇخشاپتۇ. شۇ چاغلاردا شۇ مەھەللىنىڭ بېشىدىكى لاشىنلاشىن (تىكەنلىكنىڭ بىر مەھەللىسى) دېگەن مەھەللىدە باي ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە باللىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ باينىڭ باللىرى:

«ۋاي ئاغىنىلەر، بۈگۈن پەيشەنبە كۈنى، ئەتە بازار كۈنى. بىز ھەممىمىز ھارۋا - ئېشەكلىرىمىزنى ئېلىپ ھېلىقى سۇپۇرگە توكۇرنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى بولۇشىچە ئوغرىلاپ، ئەتە بازاردا سېتىپ، ئاشقىنىنى يەپ - ئىچىپ ھۇزۇر قىلمايمىزمۇ؟» دېيىشىپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە، سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ قوغۇنلۇقىغا بېرىپتۇ ۋە نۇرغۇن قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئوغرىلاپتۇ. بۇ تۆپە - توپاڭدىن ئويغانغان سۇپۇرگە دېھقان قارىسا بىرمۇنچە ئوغرىلار ھە دەپ قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئۈزۈپ، تاغارلارغا قاچىلاپ، ھارۋىلارغا بېسىپ ئەكىتىۋاتقۇدەك. سۇپۇرگە ئاخۇن غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ توكۇر پۇتىنى

سۆرەپ، ئوغرىلار تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئوغرىلار قاچالماي بولغان قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بىچارە سوپۇرگە ئاخۇن توكۇر پۇتىنى سۆرەپ ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشەلمەپتۇ ۋە شۇ هامان بىر پەم ئويلاپ، قولىنى ئاغزىغا تۇتۇپ:

— هەي ئوغرىلار! مەن سىلەرنى تونۇۋالدىم، سىلەرنىڭ ئوشۇقۇڭلاردىن تىزىڭلارغىچە ئىككى غېرىچ كېلىدۇ. ئەتە سىلەرنى تۇتۇۋېلىپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن، — دەپ تۇۋلاپ قويۇپ ساتمىغا قايتىپ كەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئوغرىلار شۇ هامان توختاپ ئوشۇقىدىن تىزىغىچە غېرىچلىسا دەل ئىككى غېرىچ كەپتۇ. ئوغرىلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىرسى:

— هەي ئاغىنىلەر، بۇ سوپۇرگە توكۇر راست بىزنى تونۇۋاپتۇ. ئەگەر ئەتە جۇمە كۈنى بىزنى تۇتۇپ قازى ئالدىغا ئېلىپ بارسا ئىشىمىز جەزمەن چاتاق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە دەرهال ئۇنىڭ هەممە قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەيلى هەم زىيىنىنى تۆلەپ بېرەيلى، — دېگەن مەسلىهەتنى بېرىپتۇ. ئوغرىلار كېيىنلىكىدىن قورقۇپ هەممىسى ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىسىغا قايتىپ سوپۇرگە ئاخۇننىڭ هەممە قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى تاغارلىرى بىلەن قوشۇپ قايتۇرۇپ بېرىپتۇ هەم سالغان زىيىنىغا ئىككى ئات، بىرقانچە ئېشەك هارۋا تۆلەپ بېرىپ سوپۇرگە ئاخۇندىن ئاران قۇتۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سوپۇرگە ئاخۇن خېلى باي بولۇپ كۈنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ.

لوپنۇر خەلقىدە «هەممە ئىشقا پەم كېرەك، توخۇغىمۇ يەم

كېرەك» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن[1].

## دەۋاگەر سۇس بولسا، قازى مۆتتەھەم بوپتۇ

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا تۈلكە ماراقچى ئىكەن، بۆرە قاراقچى ئىكەن، زامان زورنىڭ، ئۇسسۇل توكۇرنىڭ ئىكەن. شۇ زاماندا، ئاتۇش دېگەن ماكاندا ياۋاش خەلپەم دېگەن بىر ئادەم ياشايدىكەن. ئۇنىڭ تايىنىدىغىنى تاياق ئىكەن. ياۋاش خەلپەمنىڭ قول ئىلكىدە يەر كۆپ ئىكەن، تېرىلمىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسى چۆپ ئىكەن.

ياۋاش خەلپەم ئەسلىدىن ئاق كۆڭۈل دېھقان ئىكەن، ياقلىغىنى ئادالەت ئىكەن، ئەلگە چاچقىنى ساخاۋەت ئىكەن. بىر كۈنى ياۋاش خەلپەم خاماندا بۇغدىيىنى سورۇپ، سامىنىنى ئايرىپ، قىپقىزىل چەشنى چەشلەپ قويۇپ ئولتۇرسا، شەرق تەرەپتىن بىرنەرسە كېلىۋاتقانمىش.

ياۋاش خەلپەم قارىغۇدەك بولسا بىر دىۋانە سۈپەت ئادەم كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ بار بىساتىنى بىر كالتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا چىگىۋېلىپ، شۇ كالتەكنى دولىسىغا ئېلىپ يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، بېلى مۈكچىيىپ، جىرتاق كۆزلىرىنى كېرىپ قاراپ، يولدا ئۇچرىغان نەرسىنى تېرىپ كېلىۋاتقۇدەكمىش.

بىر پەستىلا ياۋاش خەلپەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان يوچۇن ئادەم كالتەكنىڭ ئىككى ئۇچىغا چىگىپ كۆتۈرۈۋالغان يۈك ـ

---

[1] «لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قادىر كېرەم خاتىرىلىگۈچى: ئىلياس



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاقلىرىنى يەرگە قويۇپ ياۋاش خەلپەمگە سالام قىپتۇ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپتۇ ياۋاش خەلپەم، — يول قاياققا؟
— ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كېلىۋاتىمەن ـ دە، — دەپتۇ مېھمان، — باشاق تېرىپ، خاماندىن كەپسەن ئالاي دەپ...
— ئاللا تىلىكىڭنى بەرسۇن! كەمبەغەل ئىكەنسەن، باشاق تېرىشنى ھار كۆرمىسەڭ بېيىپمۇ قالارسەن، زېمىنىمىز كەڭرى، خالىغانچە باشاق تېرىۋال، — دەپتۇ ياۋاش خەلپەم، — خامانىنى ئۇسقاندا بىرەر تاغار كەپسەنمۇ بېرەرمەن.
شۇنداق قىلىپ، يېڭى مېھمان باشاق تېرىپتۇ، خاماندىن كەپسەن ئاپتۇ. قىشلىق يەيدىغان ئوزۇقى تەييار بوپتۇ.
يىل ئۆتۈپتۇ. يېڭى مېھمان ياۋاش خەلپەمنىڭ كۆڭلىنى ئاپتۇ. ئەتىيازدا ياۋاش خەلپەمنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئاپتۇ. ئېتىزلارغا يېڭىدىن ئۇرۇق ساپتۇ. ئىككىنچى يىلى ئون چارەك يەرگە كۆكچىلىك قىپتۇ. ئۈچىنچى يىلى يىگىرمە چارەك يەرگە كۆكچىلىك قىپتۇ. تۆتىنچى يىلى ئوتتۇز چارەك يەرگە كۆكچىلىك قىلىپ ساي بويلىرىدىن يېڭى يەر ئېچىپتۇ. بەشىنچى يىلى ئەسلىدىكى كەمبەغەل مېھمان ئالاھىدە بېيىپ قاپتۇ. ئۆزى ئىجارىگە ئالغان بىر ئېغىز ئۆيگە پاتماي ياۋاش خەلپەمدىن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئاپتۇ. كېيىن ئىككى ئېغىز ئۆيگىمۇ سىغماي، ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئاپتۇ. قارىسا، يېڭى مېھماننىڭ مال ـ بىساتى ئىجارىگە ئالغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيگىمۇ پاتماي قاپتۇ.
ياۋاش خەلپەم ئۆزىنىڭ كۆچمەن كۆكچىسىنىڭ بارا ـ بارا ئۆيگە پاتماي قېلىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ ئولتۇرغاندا، بىر كۈنى ياۋاش

خەلپـەمنىڭ ئالدىغا قـازنىنىڭ دوغىسـى كەپـتۇ ـ دە، ئۇنى قازى چاقىرىدۇ، دەپ قـازنىنىڭ ئالدىغا باشـلاپ بېرىپـتۇ. قـازى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ــــ خەلپەمباي، قوشـنىڭىز ئۇستىڭىزدىن ئـەرز قىلىپ كەپتۇ. بىزلەرنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەنىكەن، ئەرزىنى سوراش پەرز.

قـازىنىڭ سـۆزىدىن هـەيران قالغـان ياۋاش خەلپـەم نىمـە ئەرزلىكىنى سورىغاندا، قازى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

ــــ سـىز، قوشـنىڭىزنىڭ ئـۆيىنى ئـۆزىڭىزنىڭ قىلىۋېلىـپ ئولـتۇرۇپ كەپسـىز، هـەتتا ئۇنىڭغا ئىجارىگـە بېرىپسـىز. بـۇ ئـۆي قوشنىڭىزغا ئاتىسىدىن مىراس قالغان ئۆي ئىكەن. ئەمدى ئۇ ئۆيىنى ئۆزىگە قـايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئىككىنچىدىـن، سىزنىڭ قـول ئىلكىڭىـزدىكى تېرىلىۋاتقـان يـەر، قىـر ۋە تـاغۇ تاشـلار يېـڭى قوشـنىڭىزنىڭ ئىكـەن، بـۇ يەرلـەرنىمۇ قـايتۇرۇپ بېرىشـنى تەلـەپ قىلىپ ئەرز قىلىپ كەپتۇ.

ياۋاش خەلپەمباينىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان قوشنىسى گەپلەرنى ئاڭلاپ:

ــــ قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئېيتقانلىرى بەرهەقتۇر، ــــ دەپتۇ.

ياۋاش خەلپەم بۇ يالغان دەۋانى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە قازى ئاخۇنۇمغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

ــــ بـۇ ئـۆلۇمتۈكنى ئۆلۈۋاتىمـەن دېسـە نـان، سـۇ بېـرىپ يۆلىگىـنىمنىڭ سـازايىمۇ بـۇ؟ بـۇ هـارامزادىنى ئـۆيدىن قوغـلاپ چىقىرىمەن، كالتەكلەپ هەيدىۋېتىمەن.

قازى ئاخۇنۇم ئۇنى غەزەپلىنىشتىن توسۇپ مۇنداق دەپتۇ:

ــــ سـىلىدە ئـاتىلىرىدىن قالغـان مـۆهۈر بولسـا، ئـۆي ۋە يـەر



www.uyghurkitap.com

سىلىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، قېنى كۆرسەتسىلە.

ياۋاش خەلپەم ئاتىسىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. قازى ياۋاش خەلپەمنىڭ ئىسپاتىنى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ يېگى قوشنىسىغا قاراپ:

— قېنى، سەنمۇ ئىسپاتىڭنى كۆرسەت! — دەپتۇ.

ياۋاش خەلپەمنىڭ يېگى قوشنىسى:

— قازى ئاخۇنۇم جانابلىرى، بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ يۈرسە، ئۆي ۋە يەرنىڭ ئىسپاتى بولالمايدۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە يەرنىڭ قىرىغا قەدىمدىنلا كۆمۈلگەن ھۆججەت ۋە بۇيۇم ئىسپاتلار ھەقىقىي ئىسپات بولالايدۇ، مەن سىلىگە شۇنداق ئىسپاتنى كۆرسىتىپ سۆزۈمنى دەلىللەيمەن، — دەپتۇ.

قازى ئاخۇنۇم دەۋاگەرگە ئىجازەت بېرىپتۇ ۋە:

— قېنى ئىسپاتىڭنى كۆرسەت! — دەپتۇ.

ياۋاش خەلپەمنىڭ يېگى قوشنىسى قازى ئاخۇنۇمنى نەق مەيداننى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ:

— تەقسىر، ئۆزلىرى مېڭىشنى ئېغىر كۆرمەي ئېتىزنىڭ بېشىغا بېرىپ كۆرسىلە بوپتىكەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

قازى ئاخۇنۇم ئاتقا مىنىپ ئاتلىنىپتۇ. ھەممەيلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ ياۋاش خەلپەمنىڭ يېگى قوشنىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسا تەييارلىقىنى خېلى بۇرۇنلا قىلىپ قويغانىكەن. دوغىلارغا قىرنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ يەرنى ئېچىپ بېقىشسىلا، — دەپتۇ.

قازى ئاخۇنۇمنىڭ رۇخسىتى بىلەن دوغىلار ئۇ كۆرسەتكەن يەرنى كولاپ ئاچقانىكەن، ھەممە ئادەم ھەيران قاپتۇ. چۈنكى، دوغىلار

قازغـان يـەردىن بىـر دانـە مـىس تاختـا چىقىپـتۇ. مـىس تـاختىنىڭ بىتىگـە بـۇ زىمـىن قـەدىمدىن تـارتىپ يـاۋاش خەلپـەمنىڭ يىـﯖى قوشنىســـىنىڭ ئىكـەنلىكى، ئۇنىڭغـا ئاتـا ـ بوۋىســدىن مىـراس قالغانلىقى يېزىلغانىكەن.

بۇنى كۆرگەن قازى ياۋاش خەلپەمگە:

ـــ خوش خەلپەمباي، بۇ ئىسپاتقا نىمە دەيدىلا؟ ـــ دەپتىكەن، خەلپەمنىڭ زۇۋانى چىقماي قاپتۇ. ئەمما، ئۇ تۆھمەتكە چىديالماي ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

يېـﯖى قوشـنا قـازى ئـاخۇنۇمنى ئـەمدى ئـۆيىنىڭ ئىسپـاتىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ. ھەممەيلەن ياۋاش خەلپەمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېـﯖى قوشنىسى تامنىڭ تۈۋىنى پۇتى بىلەن تېپىپ بۇ يەرنى ئېچىپ كۆرۈشنى ئېيتىپتۇ.

قازى ئاخۇنۇمنىڭ رۇخستى بىلەن تامنىڭ تۈۋى كولانغانىكەن، ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ بىر كوزا چىقىپتۇ. كوزىنىڭ ئاغزى كۈنجۈرە بىلەن ھىم بىكىتىلگەنىكەن.

قـازى ئـاخۇنۇم كوزىنىـڭ ئـاغزىنى ئېچىشـقا بۇيرۇپـتۇ. دوغىـلار كوزىـنى ئـېچىپ ئىچىدىكىـنى يەرگـە تۆكسـە، ئۇنىڭدىـن ئـون پـارچە قەدىمكى مۆھۈرلۈك ھۆججەت چىقىپتۇ. ھەربىر ھۆججەتكە چوڭ مۆھۈر بېسىلىپ، بۇ ئۆينىڭ ئەسلىي ئىگىسىنىڭ ئىسمى يېزىلىپ، كېيىن ياۋاش خەلپـەمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىجارىگـە ئېلىپ ئولتۇرۇۋالغانلىقى يېزىلغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قازى ياۋاش خەلپەمگە:

ـــ خوش خەلپەمباي، بۇ ئىسپاتلارنى ئاغدۇرغۇدەك ئىسپاتلىرى بارمۇ؟ ـــ دەپتۇ.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تۇرغان ياۋاش خەلپەم ئاچچىقىغا



www.uyghurkitap.com

پايلىماي يىغلاپ ۋارقىراپتۇ:

— ئۆي ماڭا ئاتامدىن مىراس قالغان ئۆي - زېمىن تۇرسا، بۇ كاززاپ ئادەم «ياخشىلىقىقا يامانلىق ئىزدىسە تېپىلار» دېگەندەك قىلغان ياخشىلىقىقا تۆھمەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، يالغان ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقسا ۋە ئۆي - زېمىنىمنى مەندىن تارتىۋالسا، شەرىئەت راۋا كۆرەمدۇ؟

بىراق قازى ئاخۇنۇم ياۋاش خەلپەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماپتۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن يالغان ئىسپاتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆي ۋە زېمىنىنى ياۋاش خەلپەمنىڭ يېڭى قوشنىسىغا بۇيرۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ دوغىلار ياۋاش خەلپەمنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئۆي - زېمىنىنى دەۋاگەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

قازى ئاخۇنۇممۇ ئەسلىدە ياۋاش خەلپەمگە ئىچى ئاغرىپ قايتا دەۋا قوزغىشىنى خالايدىكەن. ئەمما، ياۋاش خەلپەم يامان نىيەتلىك يېڭى قوشنىسىنىڭ ئىسپاتىنى ئاغدۇرۇۋېتەلەيدىغان ئىسپات تاپالمىغاچقا دەۋا قىلماپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ياۋاش خەلپەمنىڭ يەنە بىر قوشنىسى ئۇنىڭ ئۆيىنى، يېرىنى تارتىۋالغان قوشنىسىنىڭ يالغان ھۆججەت ياساپ يەرگە كۆمگەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانىكەن. بىراق، ياۋاش خەلپەم قايتا دەۋا قىلالمىغاچقا، ئۇ ئادەممۇ ئۇ شەرمەندىچىلىكنى ئاشكارىلاشقا ئىلاجسىز قاپتۇ. قازى ئاخۇنۇممۇ بىر ئىلاج قىلالماپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت ئىچىدە: «دەۋاگەر سۇس بولسا، قازى مۇتتەھەم بوپتۇ» دېگەن سۆز ماقال بولۇپ قالغانىكەن[1].

[1] «ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر» دىن ئېلىندى.
ئېيتىپ بەرگۈچى: توختىخان